ISSN: 2602-389X
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2020 - يىللىق 4 - سان    ئومۇمىي 12 - سان

Uygur Edebiyatı   Uyghur Literature   Уйғур Әдәбияти   www.izdinish.org   /izdinish

# داڭلىق يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ۋە ئەسەرلىرى



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار



ئوڭدىن: مۇھەممەتجان راشىدىن، ئابدۇراخمان قاھار ۋە شۆھرەت نىغمەت



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار













يازغۇچىنىڭ بىر قىسىم نادىر رومانلىرى

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

## ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

## ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

## ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.izdinish.org

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал

Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal

www.uyghuredebiyati.net

2020 ـ يىللىق 4 ـ سان

ئومۇمىي 12 ـ سان

ISSN: 2602−389X



**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**

مۇرات ئورخۇن

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**

نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**

ئالىمجان ئىبراھىم


## ئىجادكارلىرىمىز


ئۇستازىم ئابدۇراخمان قاھارنى ئەسلەيمەن............................... مىرزەخمەت مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 7
ئاناتولىيەدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۇستىدە تەكشۈرۈش............................................... ئابدۇكېرىم رەھمان 9
نەشرگە تەييارلىغۇچى ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە)


## نەسرىي ئەسەرلەر


پارىژدىكى مۈشۈك ......................................................................... رەنا غوپۇر (ئاۋستىرالىيە) 26
قىز قەلئەسىدە ئىككى ئەترگۈل ....................................... مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە) 31
ۋېلىسىپىتچى شۇبۇرشۇن............................................................ ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلارۇس) 47
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ ( قازاقىستان)
مېنىڭ قىزىم.......................................................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 49
موزدۇز ئۇستام .............................................................................. ئە. ئازات 53
مېھمان .......................................................................... ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان) 65
قايتىش ........................................................................................ ئابدۇلھەكىم ئايدىن 84


## شېئىرىيەت گۈلزارى


كىتابخانىغا ............................................................... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 19
مەجنۇنگۈل رىۋايىتى ........................................................... سەرۋى (ئامېرىكا) 21
شېئىرلار ............................................................................ نەسرىن (تۈركىيە) 22
تەرسا بوۋاي.......................................................................... دېۋ گرىفس (ئامېرىكا) 25
ئىنگلىزچىدىن دىلدۇز تىلمان تەرجىمىسى (ئامېرىكا)
2020 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى لۇيىس گىلۈك Louise Gluck ۋە ئۇنىڭ
شېئىرلىرى........................................................................ لۇيىس گىلۈك(ئامېرىكا) 33
شۋېتچىدىن راھىلە كامال تەرجىمىسى (شۋېتسىيە)
تارىم قىزى ......................................................................... زەينۇرە ئىيسا (تۈركىيە) 35
شېئىرلار ........................................................................... راھىلە كامال (شۋېتسىيە) 36
چۈمۈلە.......................................................................... بىرھان كەسكىن (تۈركىيە) 37
تۈركچىدىن ئەركان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
دوغاپچى بالا ........................................................................ باھارى (ئاۋستىرالىيە) 38
ئىككى شېئىر ...................................................................... گابرىيللا مىسترال (چىلى) 39
ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

مەن تارتقان ئەلەملەرگە ........ مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە) 39
بولالماسمەن ئۇلاردەك ........ گۈلنار ئابلىز (قازاقىستان) 58
شېئىرلار ........ ئاخمېتوۋا ئائىدا بەختىيار قىزى (قازاقىستان) 59
شېئىر يازمايمەن ئەمدى ........ باھارىستان 61
ئىككى شېئىر ........ ئەركان (تۈركىيە) 62
مۇناجات ........ ئابدۇسالام تەكلىماكان (تۈركىيە) 63
ئىككى شېئىر ........ ئىمران سادائىي (تۈركىيە) 63
شېئىرلار ........ مۇھەممەت يارۇق (تۈركىيە) 64

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

مېنىڭ ئانام-مۇئەللىم ........ تۇرغۇنجانوۋ بەھرەمجان توغلۇقجان ئوغلى (قازاقىستان) 46
بەخت— ئۇ ئائىلىدىن باشلىنىدۇ ........ ئاخمۇللايېۋا رامىنا (قازاقىستان) 46
ئاتا- ئانام ........ تۇرسۇنوۋا رۇملەم (قازاقىستان) 48
ئەمگەك - ساڭا ئەمەك ........ ئاۋايدۇللايېۋا دىلنارا (قازاقىستان) 48

## دۇنيا سەھنىسىدە ئۇيغۇرلار

پالۋانلار ئېيتىدۇ: يىقىلغان جايىمىزدىن دەست تۇرالايمىز! ........ سەلىمە. ئا. كامال (ئاۋسترالىيە) 40

## ئەۋلاد تەربىيەسى

باللارغا قانداق كىتاب تاللايمىز؟ ........ ئايكۇن (ئامېرىكا) 50

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

ئاجىزلىق پىسخىكىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ! ........ ئەمرە ھاشىم (ئىراق) 55
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان ئابباس (تۈركىيە)
سىز زىيادە سەزگۈرمۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشكىز كېرەكمۇ-يوق ........ دوكتور مەرۋە ئازاب ( ئامېرىكا) 80
ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى سەرۋى (ئامېرىكا)
شېئىر قانداق ئوقۇلىدۇ؟ ........ مەردان ئەھەتئېلى 90
رەنا غوپۇر قەلىمىدىكى «باھارغا خەت» ناملىق ھېكايە ھەققىدە ........ ئابدۇراخمان سادىق (شۋېتسىيە) 93

## دۇنيادا ئۇيغۇر مەدەنىيتى

ئەجنەبىيلەرنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇر دوستى-ئابدۇرېهىم.................................... زۇلهايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە) 77
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي باللار ئويۇنلىرى..................................................... روزىبۇۋاگۈلچېهرە سىلىماخۇن قىزى (قازاقىستان) 73
جەنۇبىي ئاۋسترالىيە ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت بايرىمى............................................ ماهى ئاي77

## سالامەت بولۇڭ

ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلى............ مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (تۈركىيە) 69

## تەپەككۇر كۆزنىكى

ئەقلىيە سۆزلەر ................................................................................................ مەجهۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 87

## خەلق ئەدەبىياتى

ياغاچچى بىلەن بويىاقچى.............................................................................................. ئا. ئازات تەييارلىغان 88

## كىتاب ۋە پائالىيەت ئۇچۇرلىرى

2 - قېتىملىق «مەن – ناتىق» ئۇيغۇر غۇنچىلىرى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى توردا ئۆتكۈزۈلدى.................................. خەندان (تۈركىيە) 94
ئاۋسترالىيەدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى– «مىراس» داۋاملىشىۋاتىدۇ ..........................................
.................................................................... ئاۋسترالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى «سىدنىي خانىم - قىزلار » گۇرۇپپىسى (ئاۋسترالىيە) 95
شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قازاقىستاندا نەشر قىلىندى........... خۇرشىدەم ئىزىموۋا (قازاقىستان) 98
دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى شۋېتسىيەدە رەسمىي تىزىمغا ئېلىندى ............ دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى 99
ئۇيغۇر كىتاب تورى ۋە ماقالىلەر ئامبىرى 21 مىڭ 500 پارچە ماتېرىيال بىلەن ئوقۇرمەن ۋە تەتقىقاتچىل كۈتۈپ تۇرماقتا.................................................. 100
ئۇيغۇر مىللىتى .............................................................................. ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە) 101
دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى ............................................................................... ھەسەنجان ئابدۇۋايىت 103
ھايات تۇشلىرى.......................................................................................... ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە) 104

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر رەسسام مەمەت ھېيتنىڭ «پىزا بازىرى» ناملىق ئەسىرى (مايبوياق، 164 x 94 cm ، 2011 - يىلى، ئۈرۈمچى)

ئارقا مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەر ۋە ھۆسنخەتلەر ئابلىكىم ئەمەتكە ئائىتتۇر

ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان



# ئۇستازىم ئابدۇراخمان قاھارنى ئەسلەيمەن

مىرزەخمەت مۇھەممەت (شۋېتسىيە)

2020-يىلى 13-دېكابىر فەيىسبۇكتىن يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. چۈنكى مەن مىللىي ئىنقىلابىمىز ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىرى، نادەم ۋە رىزۋانگۈلدەك قەھرىمانلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدىم.

1983 - يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم. ساۋاقداشلىرىم ئىلى ئوبلاستىنىڭ شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، بىلىم ئېلىش ئىستىكى كۈچلۈك بولۇپمۇ، ئەدەبىياتقا ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان باللار ئىدى.

ئوقۇش باشلاپ بىرىنچى ھەپتىسى مەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئارىيەت ئېلىپ ئاجايىپ قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم. سىنىپىمىزدا بۇ رومانىنى ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىممۇ بار ئىكەن. شۇڭا بىز رومانىدىكى باش قەھرىمان نادەم ۋە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتۇق. مېنى ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانغا سالىدىغىنى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «ئەنە ئاۋۇ كىشى ئابدۇراخمان قاھار مۇئەللىم بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ قويىدى شەھەرلىك بىر ساۋاقدىشىم ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى يوغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنى.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقلىرىدا كىتاب ئوقۇشقا بەك قىزىقىپ قالغان ئىدىم. ئۇ چاغلاردا كىتابخانىلار شەھەر ياكى ناھىيە مەركەزلىرىدىلا بولاتتى. ماڭا ئوخشاش يېزىدا ياشايدىغان باللار ئاكىلىرىمىز ياكى ساۋاقداشلىرىمىز ئوقۇۋاتقان كىتابلارغا ئۆچرەت تۇرۇپ، كىتابنىڭ ئىگىسى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ھەپتىلىك ياكى ئۇزۇن بولسا ئون كۈنلۈك ئارىيەت ئالاتتۇق.شۇڭا جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا كېچىلەپ ئوقۇپ تۈگىتەتتۇق. ئۇ چاغلاردىكى كىتابلار ئاساسەن خىتاي ئاپتورلار يازغان كىتابلار بولۇپ بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشلار ياكى باي پومىشىكلارنى تەنقىد قىلىدىغان، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىشكە ئوخشاش مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. كېيىنچە قولۇمغا «باھادىر شاھ لى زىچىڭ»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» دېگەندەك كىتابلار چۈشتى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى، مەسەل- چۆچەكلىرى ۋە دەرسلىك كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇق. كىتاب ئوقۇشقا قىزىققانسېرى بۇنداق كىتابلارنى قانداق ئادەملەر يازىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئۇ چاغلاردا ئاپتورلارنىڭ تەرجىمىھالى ئاساسەن بېرىلمەيتتى. شۇڭا يازغۇچىلار بەكمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك «ئىلى دولقۇنلىرى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغىنىمغا بەك خۇشال ئىدىم.

مەكتەپتە خىتاي تىلى ئۆگىنىش ۋاقتىمىز توشۇپ كەسپكە چۈشتۇق. يېزىقچىلىق دەرسىگە ئابدۇراخمان قاھار مۇئەللىم كىردى. ھازىر ئويلىسام مۇئەللىمنىڭ 50 ياشقا يېقىنلاشقان ۋاقتىلىرى ئىكەن. مۇئەللىمنىڭ مىجەزىدىكى ئېغىر-بېسىقلىق، يۇرۇش تۇرۇشىدىكى تەمكىنلىك، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مېھرىبانلىق، بولۇپمۇ كەمتەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنى تېزلا ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. ئۇ دەرسلەرنى قىسقا، مېغىزلىق سۆزلەيتتى. ھەر سائەتلىك دەرستە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بىز بىلمەيدىغان لېكىن بىلىشكە ئىنتىلىدىغان تارىخىي ۋە نەزەرىيەۋى بىلىملەردىن

چۈشەنچىلەرنى بېرەتتى. دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى ماختاپ، ناچارلىرىنى تەنقىد قىلمايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى دادىل پىكىر قىلىشقا،كۆپ سوئال سوراشقا يېتەكلەيتتى. بەزى كۈنلىرى ئۆتتۈۋاتقان دەرسىدىن ھالقىپ شۇ زاماندىكى زاماندىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى دەپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا سىنىپنىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ، ھەممىمىز ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتۇق. بىر كۈنى ئۇ زۇنۇن قادىرنىڭ «چىنىقىش» ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژ مەتنىيازنىڭ ھورۇنلۇقىدىن ئېتىزدا ئۆزى ئورىغان بىر باغ قىچىنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان ھالەتلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەپ بەرگەنىدى. كۆپىنچە ھاللاردا سىنىپتا يېزىقچىلىق مەشىقى قىلاتتۇق. بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش بولۇپ سىنىپنىڭ ئىچى جىمىپ قالاتتى. بۇنداق پەيتلەردە مۇئەللىم دېرىزىدىن يىراقلارغا قاراپ خىياللارغا چۆكەتتى. يېزىقچىلىق دەرسىمىز ئاساسەن ئۈچىنچى، تۆتىنچى سائەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بەزى كۈنلىرى مۇنازىرىلەر قىززىپ كېتىپ، دەرستىن چۈشىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالاتتۇق.

1985 – يىلى ماي ئايلىرى بولسا كېرەك، سىنىپتىكى بەشىمىز بىر يەكشەنبە كۈنى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سۇ تۇرۇبا يولىنى كولاشقا ياردەملەشتۇق. مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ئېسىمدە قېلىشىچە،غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللە 9 - كوچىسىدا ئىدى. چۈشلۈك تاماقتا مۇئەللىم ھەر بىرىمىز بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقتى. ئۆچىرەت ماڭا كەلگەندە ياماتۇدىن كەلگىنىمنى ئېيتتىم.

–ھە، مۇنداق دە، –ياماتۇ قىشلاقتامغا قوشنا مەھەللە. 1944 - يىللىرىدىكى ئىلى ئىنقىلابىدا قىشلاقتامدىن زېھرۇللا نادىروف دېگەن بىر قەھرىمان چىققان. ئۇ ھەرەمباغ ۋە شىخۇ ئۇرۇشلىرىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمان ئىدى. ئۇ پىلىموتچى بولۇپ قاتناشقان ئۇرۇشلىرىدا نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ ئۇرۇشنى غەلىبە بىلەن تۈگەتكەن. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەن ئايروپىلانى ئەسكەرلىرىمىزنى كۆپ چىقىمدار قىلىدۇ، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان زېھرۇللام ئالدىدا تۇرغان كۆتەك ھارۋىنىڭ شوتىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چاقىنى ئوڭدا قىلىپ ئۈستىگە پىلىموتنى قويۇپ ئايروپىلانغا شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، ئاخىرىدا دۈشمەن ئايروپىلانىنى يەكسان قىلىدۇ. ھەم ئۇ «كۈرەش قەھرىمانى»، «ئازادلىق ئۈچۈن» قاتارلىق ئالتۇن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئىنقىلاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن يەرلىككە قايتىپ، قورغاس ناھىيەسىنىڭ كۆكتالا دېگەن يېرىدە ياشىغان، ئەمما ئۇ قان كېچىپ قىلغان ئىنقىلابىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى تولا ئويلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدا مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق قەھرىمانىمىزدىن پەخىرلەنگەن بولسام ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتىغا بەكلا ئېچىنغان ئىدىم. شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىز

مەكتەپكە قايتتۇق. نېمىشقىدۇر مۇئەللىممۇ بىز بىلەن بىللە مەكتەپكە ماڭدى، ھازىر ئويلىسام مۇئەللىم بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك. كەچ كىرىپ، كۆز باغلانغان ئىدى. بىز ئىككى تەرىپى كۆك تېرەك بىلەن قاپلانغان «ئەخمەتجان» كوچىسىدىكى «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. مۇئەللىم بىر دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىرەيلەننى:

– ھەي مالىك، – دەپ چاقىردى. ئېگىز بوي، سېمىزرەك كەلگەن بۇ كىشى بۇرۇلۇپ بىز تەرەپكە كەلدىدە، مۇئەللىم بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى ھەم مۇئەللىمگە:

– يۈرۈڭلار ئاشخانىغا، مەن مېھمان قىلاي، –دېدى.

– رەھمەت، بىز خېلى كۆپ، ئاشخانىغا كىرسەك سېنى بەك ئۆرۈۋېتەرمىزمىكىن، ھېكايەڭدىمۇ ئاغىنەڭ ئۆيۈڭگە كەلسە ئاران بىر تەخسە قورۇما چىقىرىپ، ئەڭ ئەرزان ھاراقنى قويغان تۇرساڭ. ھېكايە بولغاندىن كېيىن خەسىسلىك قىلماي، ئۈچ ،تۆت تەخسە قورۇما، ئالىي سورتلۇق ھاراق بىلەن ئولتۇرساڭلار بولمامدۇ، – دېدى.

ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق. شۇ ئارىدا مۇئەللىم بىزگە:

– بۇ مالىك كىۋىر دېگەن يازغۇچى ئاكاڭلار بولىدۇ، – دېدى بىزگە تونۇشتۇرۇپ. ئەتىسى مەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن مالىك كىۋىرنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھېلىقى ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن يەنە بىر ئۇيغۇر يازغۇچىسىنى ئارتۇق تونۇغان ئىدىم.

1987 – يىلى مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپتە ئوقۇتقۇچى، كېيىن گېزىتخانىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلىدىم. مۇئەللىممۇ 1988 –يىلى كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى. كېيىن مەن مۇئەللىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن «كەچۈر مېنى نازاكەت»، «ئادەملەر ماڭا رەھىم قىلماڭلار» قاتارلىق پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىنى ئوقۇدۇم. ئۇ كەسپىي يازغۇچى بولغاندىن كېيىن «كۆڭۈل»، «ھايات سىرى»، «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىتابى نەشر قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ مەن ئوقۇغان ئەسەرلىرىدە ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق ئۈچۈن باشلانغان ئىلى ئىنقىلابى قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازى، ئىلى خەلقىنىڭ باتۇرلۇقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەسەرلىرى خەلقنى ئويغىتىش، يېتەكلەش روھىغا ئىگە ئىدى.

مەن 15 يىللىق مۇخبىرلىق ھاياتىمدا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ يىغىنلىرى ۋە يىغىلىشلىرىغا كۆپ قاتناشتىم، ئەمما بۇ سورۇنلاردا ئابدۇراخمان قاھارنى پەقەتلا ئۇچراتمىدىم. ئۇنىڭ روھىغا سىڭگەن كەمتەرلىك ئۆزىنى ئاممىۋىي سورۇنلار ئارقىلىق خەلققە تونۇتۇش خاھىشىغا يول قويمىغان بولسا كېرەك.

2021 - يىلى 1 - يانۋار، ستوكھولم



# ئاناتولىيەدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۈستىدە تەكشۈرۈش

ئابدۇكېرىم رەھمان*

## قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئابدۇكېرىم رەھمان (تولۇق ئاتىلىشى ئابدۇكېرىم ئابدۇرەھمان) 1940 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسىنىڭ بۇچى كەنتىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1984 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1987 - يىلى دوتسېنت ، 1991 - يىلى پىروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1987 - يىلى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىر تەربىيەلەش يېتەكچىسى بولغان. 1995 - يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى دوكتورانتلار يېتەكچىسى بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور كەسپى بويىچە 35 تىن ئارتۇق ماگىستىر ۋە 18 نەپەر دوكتور تەربىيەلىگەن. 1989 - يىلىدىن ھازىرغىچە جەمئىي بەش قارار ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، 1992 - يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان تۆھپىكار مۇتەخەسسىس شەرىپىگە ئېرىشكەن. 1964 - يىلىدىن تاكى 2012 - يىلىغىچە جەمئىي 47 يىل ئالىي مائارىپ سېپىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ 1 - سېپىدە خىزمەت قىلىش جەريانىدا مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئون چوڭ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت لۇغىتى»، «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى: شىنجاڭ تومى» (ئۈچ توپلام)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق يىرىك تۈرلەرنى يېزىشقا ۋە تۈزۈشكە قاتناشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» (مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ)، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» (كوللېكتىپ)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»، «ئەدەبىيات ھەققىدە»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، «يىپەك يولى بويىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر مۇقام پېشىۋالىرى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، «يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتكە نەزەر»، «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر فولكلورى» (تۈركچە)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە)، «ئەزىزانە قەشقەر» (ئىككى توملۇق)، «قەشقەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «قەشقەر فولكلور مەدەنىيىتى»، «قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، «قەشقەر بىناكارلىق سەنئىتى» قاتارلىق نەزەرىيەۋى ئىلمىي ئەسەرلىرى، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، «ئۆزبېك خەلق داستانلىرى»، «ئۇيغۇر بېيىتلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «نۇزۇگۇم»، «تاھىر- زۆھرە» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلاملىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور، مەدەنىيەتشۇناسلىق، سوتسىيولوگىيە ، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت 180 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇسلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى 15 قېتىمدىن ئارتۇق مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم

* ئابدۇكېرىم رەھمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى.

رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا مەزكۇرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە تۆھپىسى كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى» ۋە «جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇلكەرىم رەھمان 2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاناتولىيە (كىچىك ئاسىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىسمىدىكى ئاماسيا (AMASYA ) ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشقان «ئۇيغۇر بەلدىيەسى»دىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئاناتولىيە ئەراتنا بەگلىكى» (مىلادىيە 1327 - 1981)نىڭ قىسقىچە تارىخي سەرگۈزەشتىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 كۈنىدىن 15 – كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھىرىدە 89 دۆلەتتىن كەلگەن 1500 دىن كۆپرەك ئالىم – مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان «ICA-.38 NAS» خەلقئارا ئىلمىي كونفېرېنسىيىسى ئېچىلدى.

«ICANAS» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «خەلقئارا ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا ئىلمىي كونفېرېنسىيىسى» (-Internati onal Congress Asian and North African studies) دېگەن ئىلمىي تەشكىلات نامىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن قۇراشتۇرۇلغان قىسقارتما سۆز بولۇپ، بۇ تەشكىلات 1874 - يىلى فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژ شەھىرىدە قۇرۇلغان. «ICANAS» ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭدا تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، دىن، پەلسەپە، ئانتروپولوگىيە، مەدەنىيەت (كۇلتۇر)، ئارخېئولوگىيە، ئىقتىساد، سەنئەت، مۇزىكا، ئەل ئىچى تېبابىتى، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، ھۈنەر - كەسىپ، خارىجىي ئىشلار (خەلقئارا ئالاقە)، ساياھەت قاتارلىق كۆپ خىل سالونلار بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئومۇمەن «ICANAS» نامىدىكى بۇ خەلقئارا كونفېرېنسىيە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئورتاق قوغداش ۋە ئېچىشنى نىشانلىغان. «ICANAS» ئۆزىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئەزا دۆلەتلەر ئارا نۆۋەت بىلەن خەلقئارا ئىلمىي كونفېرېنسىيە ئۇيۇشتۇرىدۇ. «ICANAS» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئىلمىي تەشكىلات ئۆزىنىڭ 134 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدە ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا دائىرىسىدىن ھالقىپ ئالتە قىتئەدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرى ئىشتىراك قىلىدىغان دۇنياۋى ئىلىم سورۇنىغا ئايلاندى. 38 - نۆۋەتلىك «ICANAS»نىڭ ساھىبخان دۆلىتى تۈركىيە بولۇپ، 28 دۆلەتنىڭ ئىلىم يېتەكچىلىرىدىن تەركىب تاپقان تەييارلىق كومىتېتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى كونفېرېنسىيىگە «ICANAS»نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئېلىمىزدىن سەككىز نەپەر ئىلمىي خادىم قاتناشتى. «ICANAS.38 »نىڭ مۇدىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «ئاتاتۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى»نىڭ باشقانى (رەئىسى) پىروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرال ۋە كورېيەدىن كەلگەن پىروفېسسور، دوكتور جاڭ يۇڭجۇن بىلەن يىغىن ئارىلىقىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبىتىمدە قىزىقارلىق بىر ئىلمىي ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇم.

–رەھىم بەگ، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار تارىختا ئۆز بېشىدىن ئاجايىپ قىسمەتلەرنى كەچۈرگەن بىر جەڭگىۋار خەلق ئىكەن،– دەپ سۆز باشلىدى، سادىق تۇرال خوجا.

–قانداق دەيسىز؟ – دېدىم، سوئال نەزىرى بىلەن.

–مەن 90 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تارىخ قۇرۇمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەراتنالىلار» (-ERATNALI LAR)ناملىق بىر تارىخ كىتابىنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ كىتاب بۇنىڭدىن 700 يىللار ئىلگىرى ئاناتولىيە[1]دە بەگلىك قۇرغان ئەراتنا ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەمىرنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي پائالىيىتىگە بېغىشلانغان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئېتنونىمى بىلەن ئاناتولىيەدە ياشاۋېتىپتۇ.

–بىزنىڭ كورېيەدىمۇ ئاشۇ دەۋرلەردە يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلار بار. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى قۇبلايخانىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى تەركىبىدە كورېيەگە بېسىپ كىرىپ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كورېيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتىكەن. ھازىر 1000 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر بىر يېزىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. مەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئىككى پارچە مونوگرافىيە ئېلان قىلغان ئىدىم. لازىم تېپىلسا سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي. ناۋادا قىززىقسىڭىز كورېيىگە كېلىپ بۇ ئەجدادلىرىڭىزنى زىيارەت قىلىڭ. مەن سىزگە ياردەمدە بولىمەن، – دېدى، كورېيەلىك تىلشۇناس دوستىمىز جاڭ يۇڭجۇن ئەپەندى.

بۇ ئىككى ئۇچۇر مېنى بەكمۇ جەلپ قىلدى. تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ۋەتەنداشلاردىن بۇ ھەقتە سورىسام بۇ ئۇچۇردىن ھېچقايسىسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. «توۋا، بىر زېمىندا ياشاپ تۇرۇقلۇق ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن

[1] ئاناتولىيە – ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى. ئۇ پۈتۈن تۈركىيە يەر مەيدانىنىڭ 96.9 نى تەشكىل قىلىدۇ، تۈركىيەنىڭ ياۋروپا قىسمى «تراكىيە » دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا ھازىرقى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى «ئاناتولىيە» دەپ ئاتالغان.

خەۋەرسىز ياشاپتۇ – دە، ئۇلار» دەپ پىچىرلىدىم ئىچىمدە. يۇقىرىقى ئىككىيلەننىڭ پارىڭى مەندە كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. نەتىجىدە چوقۇم پۇرسەت چىقىرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. ۋەھالەنكى، بىز 17 – سىنتەبىر ئىستانبۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئالدىن سېتىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە سەپىرىمدە ئەراتنا ئەۋلادلىرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى. كۆڭلۈمگە پۈككەن بۇ پىلانىمنى ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 2007 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 16 – كۈنىگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى «ئاتاتۈرك كۇلتۇر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى» (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى) رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان «6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاتاتۈرك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا[2] قاتنىشىش جەريانىدا ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېنىدىكى «تارىخى قۇرۇمى»غا بېرىپ، ئۇلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بويىچە مۇئەللىپ KEMALGODE (كامال گودە)نىڭ 1994 – يىلى تۈرك تارىخ قۇرۇمى باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ERATNALILAR» (ئەراتنالىلار) ناملىق بىر تارىخ كىتابىنى تاپتىم. ھەمدە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئالاقىدار خادىملار ماڭا ئاناتولىيەنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئاماسيا ۋىلايىتىدە بىر «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» (ئۇيغۇر رايونى ) بار ئىكەنلىكىنى، ھازىرغىچە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن بۇ رايوندا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەر ئۇيغۇر بېگى ئەراتنانىڭ جەمەتىدىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تونۇشتۇردى. مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن پروفېسسور، دوكتور سادىق تورال خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەنقەرەدىن 700 نەچچە كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قارا دېڭىز بويىغا جايلاشقان تاغلىق شەھەر ئاماسياغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئاماسيا قارا دېڭىزدىن باشلانغان تاۋۇر تاغلىرىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان ئۆزى كىچىك، ئەمما ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم تارىخىي شەھەر ئىكەن. شۇڭا، تۈركىيە تارىخىدا «پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر شەھىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىكەن. تاغ جىلغىسىدىكى بېلىق شەكىللىك بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا ئېقىپ بولۇپ، دەريانىڭ ئوڭ تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان، تاغنىڭ ئەڭ بۈيۈك چوققىسىغا جايلاشقان «ئاماسيا قەلئەسى» بۇ شەھەرگە سىرلىق تۈس بېرىپ تۇرىدىكەن، بۇ قەلئەلەر سالجۇقلار خانلىقى (1031 - 1157) دەۋرىدە رىم ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە تۈرك سالجۇقلار خانلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان تارىخىي مىراس بولۇپ، ئۇ ھازىر تۈركىيەدىكى قوغدىلىدىغان ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ قەلئەلەر تىك قىيالىق تاغنىڭ قاپتىلىدىن كېمىر ئۆي شەكلىدە قىڭرام تاشلارنى ئويۇپ ياسالغان. بۇ تاشقوۋۇقنىڭ تۆت تېمىغا كۈنگۈرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ باغرىدا دەريا ئېقىنىغا يۆلەپ سېلىنغان تۈرك ئۇسلۇبىدىكى ھەيۋەتلىك بىنالار، مېھمانسارايلار، ئۈچ – تۆت قەۋەتلىك شەخسىي ئۆيلەر، كۆك گۈمبەزلىك مەسچىت مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ سول تەرىپىگە شەھەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە 1485 – يىلى سېلىنغان مەخمەت پاشا بۈيۈك جامەسى ۋە كۈمۈش جامەسى بار. جامەنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر ياتقۇزۇلغان دەريا لېۋىدىكى مەيدانغا ئاماسيادا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوسمان ئىمپېرىيەسى سۇلتانلىرىدىن بايەزىد 2 (7 – ئەسىرنىڭ باشلىرى)، مەخمەت پاشا (1558 - يىللار)، سۇلتان سەلىم 1 ياۋۇز (1519 - يىللار)، سۇلتان 1 سۇلايمان قانۇنى (1560 - يىللار)، سۇلتان 2 سەلىم (1573 - يىللار)، سۇلتان 3 مۇرات (1587 - يىللار)، سۇلتان 1 ئەھمەت (1617 - يىللار)، سۇلتان 2 مۇستاپا (1699 - يىللار) ۋە سۇلتان 3 ئەھمەت (1709 - يىللار)[3] قاتارلىق 9 نەپەر پاشانىڭ ئالتۇن ھەللىك ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. مېنى ھەممىدىن جەلپ قىلغىنى مۇشۇ ھەيكەل باغچىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى «FERHAT ILE ŞIRIN» دەپ خەت ئويۇلغان «پەرھات بىلەن شېرىن »نىڭ ھەيكىلى بولدى. ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 5.4 مېتىر كېلىدىغان مەرمەر تاشلىق بۇ ھەيكەلدە قولىدا جوتۇ تۇتقان پەرھاتنىڭ بېستون تېغىنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىۋاتقان قىياپىتى بىلەن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ بىر ھېجىر سۇنى ئاشىقى پەرھاتقا ئىككى قوللاپ سۇنۇۋاتقان قىياپىتى سۈرەتلەنگەن. ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى خاتىرە تاشقا ئويۇلغان چۈشەندۈرۈشتە، ئەرمەن مەلىكىسىگە شېرىنغا ئاشىق بىقارار بولغان پەرھات، ئەرمەن پادىشاھىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن قارا دېڭىز بويىدىكى قورام تاشلىق ئاقتاغنى يېرىپ ئۆستەڭ قېزىپ يۇرتقا سۇ باشلاش ئىرادىسى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى، ھەمدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ مىڭ بىر جاپادا بېستون تېغىنى يېرىپ غەلىبە قىلغانلىقى، ئاماسيادىكى مۇشۇ دەريا پەرھات قازغان ئۆستەڭنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.شۇڭلاشقا ئاماسيالىقلار بۇ ئۆستەڭنى «پەرھات ئۆستىڭى» دەپمۇ ئاتىغان ئىكەن. دېمەك، دۇنياغا كەڭ تارقالغان «پەرھات – شېرىن رىۋايىتى» بۇ تاغلىق شەھەردە رېئال تارىخقا ئايلىنىپتۇ. ئېھتىمال بۇ گۈزەل رىۋايەتنى 8 – ئەسىرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ھالقىپ ئاناتولىيەگە كېلىپ يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى » ئاماسيا ۋىلايىتىگە قاراشلىق 29 بەلەدىيەنىڭ بىرى بولۇپ، ئاماسيا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدىكەن.

بىز ئاماسيا شەھىرىنى بىر كۈن زىيارەت قىلغاندىن

[2] تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەت.

[3] تىرناق ئىچىدىكى يىلنامىلار ئاشۇ ناملىق كىشىلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە تەختكە چىققان يىلنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن، ئەتىسى سەھەردە ۋالىي ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «ئۇيغۇر رايونى »غا قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنا بىلەن يېرىم سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، تۆمۈر بىلەن ياسالغان ئەگمىنىڭ ئۈستىدىكى «uygur Be-ledıyesı» دەپ خەت يېزىلغان تاختىغا كۆزۈم چۈشتى. «ئۇيغۇر رايونى» مانا مۇشۇ چېگرادىن باشلىنىدىكەن، ئۇ يەردىن بىر كىلومېتىر ئىچكىرىدە ئاسفالت يولغا يانداپ سېلىنغان بىر ماي قاچىلاش پونكىتى بار ئىكەن. بۇ پونكىتنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل تاختىغا يېزىلغان «Uygur petrol» (ئۇيغۇر ماي قاچىلاش ئورنى) دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلىپتۇ.ھەتتا پونكىت ئالدىدىكى ھەربىر ماي تۇڭىنىڭ ئۈستىگىمۇ ئاشۇ ماركا ئېنىق يېزىلىپتۇ. 13 – 14 جى ئەسىرلەردە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن ئايرىلىپ، 20 نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاناتولىيە زېمىنىنىڭ بۇ خىلۋەت تاغ قاپتىلىدا ماكانلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىنىڭ ئۆز ئېتنونىمىنى ئۇنۇتماي «ئۇيغۇر» ماركىسىنى ۋىۋىسكا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ۋىۋىسكا ئالدىدا بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۈم. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر كۆل رەڭ پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن سالاپەتلىك ئىككى ئەر چۈشۈپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن:

– «Hoş geldiniz!» (خۇش كەپسىز)، دەپ، مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن مېنىڭ يولباشلىغۇچىم ئۇلارنى تونۇشتۇردى.

ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»نىڭ پېشقەدەم باشقانى ھەسەن ئەر، يەنە بىرى، توكات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت ھۈسەيىن ئەپەندى ئىكەن. ھەر ئىككىيلەن مۇشۇ رايوندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەن. باشقان ئەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ كەنتنىڭ ئىچىگە يۈرۈپ كەتتۇق. ھەسەن ئەر مېنى ئوك تەرەپتىكى تاغ يولى بىلەن ئۆرلەپ «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» (رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى)غا ئېلىپ باردى. ئىككى قەۋەتلىك بۇ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بەش ئاپتوبۇس ۋە ئىككى كومبايىن رەتلىك تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ئالدى – ئارقىسىغا «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» دەپ تۈركچە خەت يېزىلىپتۇ. بىز بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى باشقان (مۇدىر) ئىشخانىسىغا چىقىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇيغۇرچە بىلەن تۈركچە ئارىلاش تەلەپپۇزدا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتقاندىن كېيىن، رايون باشلىقى ھەسەن ئەر «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

بۇ رايون جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوك ۋە سول تەرىپىنى ئىككى تاغ ئوراپ تۇرغان بېلىق شەكىللىك خىلۋەت ئارال ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 7 – 8 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 – 20 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئاماسيا – توكات ئاسفالت يولى بۇ رايوننى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول قارا دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان مەشھۇر تارىخىي شەھەر سامسۇنغا تۇتۇشىدۇ . سامسۇن شەھىرى بىز تۇرغان بۇ رايوندىن 210 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، قەدىمكى نامى ئامىسوس (Amissos) دېيىلىدىكەن، بۇ شەھەر 13 _ ئەسىردىن بۇرۇن ۋىزانتىيېلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، 13 - ئەسىردە سالجۇق تۈرۈكلىرى بۇ يەرگە يەرلىكلەشكەندىن كېيىن ئىسمى سامسۇنغا ئۆزگەرتىلگەن. 1428 - يىلى بۇ شەھەر ئوسمانىيلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن تۈركىيەنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى ئەللەر بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم پورتىغا ئايلانغان ھەمدە ئاماسيا، توكات، سىۋاس قاتارلىق قارا دېڭىز ساھىلىدىكى شەھەر - رايونلارنىڭ مەركىزى بولغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە بۇ شەھەر كۈچلۈك جاھانگىرلار تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. 1919 - يىلى 19 - مايدا تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى مۇستاپا كامال پاشا سامسۇنغا كېلىپ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى قوزغاپ، جاھانگىرلارنىڭ تۈركىيەنى مۇنقەرز قىلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغان. ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىغا شاھىت بولغان بۇ گۈزەل پورت بىلەن بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىچ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بارلىقى مەلۇم. بىز تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان بۇ «ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىنىڭ باشقانى ھەسەن ئەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر بۇ رايوندا 5200 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا ھۆكۈمەت تەرەپمۇ ئۇلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوننىڭ نامىنى «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە پارسچە يېزىلغان شەجەرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوسمانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ[4] دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ رايونغا ئۇلارنىڭ ماكانلاشقانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ شەجەرەنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ۋەلىيوللا ئىمام بىزگە ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

–بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن چىڭگىزخاننىڭ غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىغا ئەگىشىپ ئاناتولىيە ئۆلكىسىگە كەلگەن ئىكەن. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى دەسلەپ قارا دېڭىز، ھەزەر دېڭىز بويلىرى ئارقىلىق سامسۇننىڭ لاردىك (Lardik) يېزىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان سېپىيت ئەخمەت ئەۋلادلىرى دەپ قارايمىز. بوۋىمىز سېپىيت ئەخمەت كەبىر رۇملار بىلەن بولغان

[4] تۈركىيەلىك ئوسمان بەگ كىچىك ئاسىيا (ئاناتولىيە)نى يادرو قىلغان ھالدا ئاسىيادىن ھالقىپ ئافرىقىغا، ياۋروپا رايونلىرىدا قۇرغان دۇنياۋى ئىمپېرىيەنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ «تۈرك سۇلتانلىقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۇلتانلىق 623 (1299 - 1922) يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

سوقۇشتا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سېيىت خېلىل، سېيىت سادىق، سېيىت سۇلايمانلار ئۆز جەمەتلىرىنى باشلاپ مانا مۇشۇ «ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىگە كېلىپ ماكانلاشقان ئىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ تۇپراقتا بىر ئەل بولۇپ ياشاپ كېلىۋېتىپتۇق. ئاتا – بوۋىلىرىمىز دائىم «بۇ تۇپراق بىزنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىمىز، ئەسلى زاتىڭلارنى ئۇنۇتماڭلار. ئانا ۋەتەننى قايتا كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمىدى. ئۆمۈرلۈك ئارزۇ – ئۈمۈدلىرىمىز سىلەرگە قالدى...» دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى. بىز گەرچە ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر نەسلىدىن ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇمىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ قوۋمنىڭ قەيەردە ۋە قانداق ياشايدىغانلىقىنى، تارىخىنىڭ قانداق سوغۇق شاماللىرى بىزنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز. پەقەت غايىۋانە بىر سۆيگۈ مۇھەببەت بىزنى ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا باغلاپ تۇرىدۇ. يىراق ئانا يۇرتتىن تۇنجى قېتىم بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز. بىز ھەسەن ئەر باشقانىڭ تەكلىپى بىلەن سۆھبىتىمىزنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، بۇ رايوننى زىيارەت قىلىشقا ماڭدۇق. بۇ يۇرت ماڭا قەشقەردىكى بەشكېرەم باغلىرىنى، تۇرپاننىڭ بۇيلۇق يېزىسىنى ئەسلەتتى. ھەممە يەر باغۇ - بوستانلىق، كۆجەم مەھەللىلەر، تۈرك ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينى مېۋىلىك باغ بولۇپ، ئالما، ئانار، بېھى، گىلاس، ئامۇت زەيتۇن قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلەرنى تاپقىلى بولىدىكەن. مېۋىچىلىك جەھەتتە ئاناتولىيە بويىچە داڭلىق ئىكەن. ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر رايونىدىلا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان كۆك ئامۇت بىلەن بېھىنىڭ بۇ ئۇيغۇر رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردىكى بېھى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكىدەك تېرىسى قوتۇرماچ بولماستىن، ئالمىدەك سىدام ۋە سىلىق بولىدىكەن. ئەمما تەمى ئوخشاش ئىكەن. بۇ رايوندىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن تەمسىل بۇ يۇرتقا تازا ماس كېلىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشقان «ئۇيغۇر بەلەدىيە مەكتىپى» باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، 800 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. بۇ مەكتەپتە سەككىز يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، تولۇق ئوتتۇرىنى ئاماسيا شەھىرىدە ئوقۇيدىكەن. شەھەرگە بېرىپ ئوقۇيدىغان تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر كۈنلۈكى بەلەدىيەنىڭ تۆت ئاپتوبۇسى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىدىكەن . بۇ رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا يەنە بىر دوختۇرخانا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش فېرمىسى بار ئىكەن. بۇ رايوندا بېقىلغان قوي ۋە كالىلارنىڭ گۆشى تۈركىيە بويىچە داڭلىق بولۇپ، بازىرى ئىتتىك ئىكەن. دوختۇرخانا دېھقان – چارۋىچىلارنى ھەقسىز داۋالايدىكەن. بۇ رايوندا ياغاچتىن راۋاق شەكلىدە ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئارامگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ 2 - قەۋىتى چايخانا، قەھۋەخانا ۋە ئادەتتىكى يېمەكخانا ئىكەن. 3 – قەۋىتى ئالدى ئوچۇق لەمپە شەكىللىك ساراي بولۇپ، سۇپا ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدە يېكەنداز ۋە يۆلەنچۈك ياستۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە كىشىلەر ئىختىيارى پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. بەزىلىرى قارتا ئوينىسا، بەزىلىرى دامكا، شاھمات ياكى بىلىيارت ئوينىشىدىكەن. بەزىلىرى سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى تۈركچە «قارا كۆز»[5] ئويۇنى ئوينايدىكەن. بۇ ئارامگاھ تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقاچقا، 3 – قەۋىتىنىڭ لەمپىسىدىن قارىسىڭىز يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن بۇ رايون سىزنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدىكەن. مەن ھاياجانلىق ئىچىدە بوستانلىقنىڭ غەربىي چېتىدىكى قورۇق تاغقا كۆز تىكتىم. گىياھ ئۆسمىگەن بۇ تاغنىڭ باغرىدا يەنە بىر مەھەللە - يۇرت كۆزۈمگە چېلىقتى. يېنىمدا تۇرغان ھەسەن ئەردىن سورىدىم:

–ئاۋۇ يىراقتىكى مەھەللە-يۇرتمۇ «ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىگە تەۋەمۇ؟

–ياق، ئۇ «تاتار كۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم يۇرت، ئۇلار تاغنىڭ قارشى تەرىپىدە چارۋا باقىدۇ، دېدى.

«بۇمۇ بىر خىل پىسخىك تالالاش» – دېدىم ، ئۆز ئۆزۈمگە پىچىرلاپ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر قەيەرگە ماكانلاشسا، شۇ يەردە باغ بىنا قىلىدىغان ئۇدۇمنى بۇ يەرگىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئوخشاش جۇغراپىيەلىك مۇھىت ئىچىدىكى بۇ ئىككى يۇرتنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئۇنىڭ جانلىق مىسالى. بىز «ئارامگاھ»تىن ئايرىلىپ ئەتراپتىكى بىرقانچە ئۆينى زىيارەت قىلدۇق. ئىككىسى، ئۈچ قەۋەت قۇرۇلمىلىق بۇ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 2 – قەۋىتى مېھمانخانا بولۇپ، ئۆي ئىچى يورۇق ۋە ئازادە، ئۆينىڭ جاھازلىرى ۋە بېزەكلىرى بىزدەك زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدىن پەرق قىلمايدۇ. ئەگەر پەرق بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئەگىپ تۇرغان ئالما، ئانار، گىلاس شاخلىرى بىزنىڭ بىنالىق ئۆيلىرىمىز ئەتراپىدا يوق. بۇنداق گۈزەل مۇھىت ئاشۇ دېھقان باغۋەنلەرگىلا نېسىپ بولغان. ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى مېھمانخانا ئۆيدىنمۇ كەڭرى ئىكەن. ھەممە ئائىلە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىدىغان ئوچاقتا تاماق ئېتىدىكەن. تۇرۇبا سۇيىنىڭ جۈمەكى ئوچاقنىڭ يېنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولىكا پىشۇرىدىغان توك دۇخوپكىسى ، توڭلاتقۇ، قاچا – قومۇچ تىزىدىغان ئىشكاپلار رەتلىك قويۇلغان. ئۇلار بىزگە ئوخشاش مېھماندوستلۇق ئادىتىنى يوقاتماپتۇ. بىر ئائىلىگە تۇيۇقسىز كىرگەن ئىدۇق، بۇ ئائىلىدىكىلەر بىزنى غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ھەش - پەش دېگىچە شىرە ئۈستىگە ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەرخىل مېۋە شەربەتلىرى، بىرقانچە خىل تۈرك قورۇمىلىرى ۋە شورپىلىرى تىزىلدى. بېشىغا ياغلىق ئورىغان، ئۇزۇن بوغما ئىشتان كىيگەن ۋە كۆينەك ئۈستىگە تۈركچە جىلىتكە كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق

[5] «قارا كۆز» ئويۇنى– تۈركلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى بېيىت ئېيتىش شەكلىدىكى فولكلورلۇق سەنئەت.

خانىم ئىززەت - ئىكرام بىلەن چايغا تەكلىپ قىلدى. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ بۇ ئۆيدىن قوزغالماقچى بولدۇق، ئۆي ئىگىلىرى، ھەتتا بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ - كىچىك باللىرى بىزنى يول بويىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، قائىدە - يوسۇنلىرى، رەڭگى - رۇخسارى پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ كەتكەن. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەلېۋىيە[6] مەزھىپىگە تەۋە ئىكەن. شۇڭا بۇ يۇرتتىكىلەر نامازنى جامە ئىچىدە ئوقۇمايدىكەن (چۈنكى ھەزرىتى ئەلى جامەدە قەتلى قىلىنغان)، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركىيە كوردلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 15% ئەتراپىدىكى (تەخمىنەن ئوننەچچە مىليون) تۈركىيە ئاھالىسى ئەلېۋىيە (شىئە) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئاناتولىيەدە ماكانلىشىپ قالغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلېۋىيە مەزھىپىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭچە چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئوغۇزلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سالجۇق خانلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا خوراساندا خېلى ئۇزاق تۇرغان. شۇ دەۋرلەردە ئالدى بىلەن پارس يۇرتلىرىدا ئومۇملاشقان ئەلېۋىيە مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى تارىخىي كەچۈرمىشلەرنى ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى سەھىپىسىدە بايان قىلىمىز.

ئىستالىنىنىڭ «مىللەت نەزەرىيەسى»دە، تىل ئومۇمىيلىقى مىللىي پەرقنى شەكىللەندۈرىدىغان تۆت خۇسۇسىيەتنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ۋە بۇ قاراش ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. لېكىن دۇنيانىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدا تىل ئومۇمىيلىقىنى مىللىي تەركىبلەرنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر شەرتى قىلىۋېلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئىسپاتلانماقتا. ئالايلۇق، ھازىر دۇنيادا 3 مىڭدىن ئارتۇق مىللەت بار، ئەمما ئۇنىڭغا مۇناسىپ 3 مىڭ خىلدىن ئارتۇق تىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركىيەدىمۇ 38 مىللەت بارلىقى مەلۇم، ئەمما بىر تىل، يەنى ئوسمانلىي تۈرك تىلى تۈركىيەنىڭ ئورتاق تىلى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن مەن زىيارەت قىلغان بۇ رايوندىكى خەلق گېنالوگىيە جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن تىلى پۈتۈنلەي تۈركلىشىپ كەتكەن. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئاتالغۇلىرى ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىكى شۇ خىل ئاتالغۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، بۇ رايوندىكى خەلق «ئالما» (تۈركلەردە «ئەلما»)، «ئانار» (تۈركلەردە «ئەنار»)، «گۆش» (تۈركلەردە «ئەت»)، «نان» (تۈركلەردە «ئەكمەك»)، «مەن» (تۈركلەردە «بەن»)، «بار» (تۈركلەردە «ۋار»)، «بالا» (تۈركلەردە «چۇجۇك»)، «مەكتەپ» (تۈركلەردە «ئوقۇل»)... دېگەنگە ئوخشاش پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىشىدۇ. مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىستېمال تىلىدا پارسچە ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تۈرك تىلىغا قارىغاندا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

«ئۇيغۇر بەلەدىيە»سىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا مېنىڭ ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىقىنىم ئۇلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى قېزىپ بېقىش ئىدى، ۋەھالەنكى، پېقىر تارىخچى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھەقتە كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ماڭا ھەمراھ بولغان مۇشۇ يۇرتنىڭ ئوغلانى ھۈسەيىن ئەپەندى ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئۇ مەن قىزىققان بۇ تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاناتولىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەكتىگە ئائىت خېلى كۆپ تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاپتۇ. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، سالجۇقلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى باشقۇرۇشىدىكى ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرلىرىدە بىر مەزگىل ئۇيغۇر بەگلىرى ئاناتولىيەدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ دەۋرلەردە ئاناتولىيە تۇپرىقىنىڭ مەركىزىدىكى قەيسەرى شەھىرىدە ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇزاق زامانلار مابەينىدە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى جەھەتتە بىر مەنبەلىك بولغان تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئاسانلا سىڭىشىپ كەتكەن.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوغۇز قەبىلىلىرى قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيا، يەنى ئاناتولىيەگە دەسلەپ كىرىشى بۈيۈك سالجۇقلار خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغانلىقى مەلۇم.

مەلۇمكى، سالجۇقلار خاندانلىقى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ «ئوغۇزلار» دەپ ئاتالغان بىر تارمىقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان، «ئوغۇزلار» قەدىمكى تارىخنامىلەردىن «سۈينامە»دە تىلغا ئېلىنغان «乌护» (ۋۇخۇ) ياكى «乌鹘» (ۋۇگۇ)، «古思» (غۇر) دەپ ئاتالغان خەقلەردۇر. بۇ ناملار ئەرەب مەنبەلىرىدە بىردەك «ئوغۇز» (乌古思) دېيىلگەن، ئوغۇزلار مىلادىيە 6 – ئەسىردىن بۇرۇن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا ياشىغان. «سۈينامە ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئوغۇزلار ئېۋىرغۇلنىڭ غەربىي، قارا شەھەرنىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. 10 – ئەسىرلەردە ئۇلار زورىيىپ كاسپى دېڭىزىدىن تارتىپ سىر دەريا ساھىلىدىكى ئىسپىجان ئۆلكىلىرىگىچە، غەربتە گاسارلار ۋە بۇلغارلار زېمىنىغىچە، شەرقتە قارلۇقلار زېمىنىغىچە، شىمالدا موڭغۇل داللىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى كونترول قىلغان. ئۇلار مۇشۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زور سىياسىي ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، تارىختا مەشھۇر ئوغۇز سالجۇقلار خانلىقى (1031 - 1157)نى قۇرغان. سالجۇقلار بىر مەزگىل سامانىلار بىلەن بىرلىشىپ خوراساندىكى كۈچلۈك غەزنىۋىلەر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، ئاندىن سالجۇقلارنىڭ سەردارى توغرۇل خۇراساننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان، ئۇلار 1042 - يىلى خارەزىم ئۆلكىسىنى غەزنەۋىلەردىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتكۈل پارس زېمىنىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، 1055 –

[6] «ئەلېۋىيە مەزھىپى» — ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلېۋىچىلار ھەزرىتى ئەلىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى قويۇق.

يىلى توغرۇل باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى باغدادقا بېسىپ كىرگەن، توغرۇل ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان. ئارقىدىن بالقان يېرىم ئارىلىغا يۈرۈش قىلىپ ئەزەربەيجاننى بېسىۋالغان، ھەمدە ئەينى دەۋردە رىم ۋىزانتىيە ئىمپىراتورلىقىغا تەۋە بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ ئاناتولىيە رايونىغا كىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيەسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمپېرىيەگە ئايلانغان. مىلادىيە 1063 – يىلى سۇلتان توغرۇل ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا جىيەن ئوغلى ئارسلان 1063 – يىلىدىن 1072 – يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ قاراخانىيلار بىلەن يېقىن قودا – باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئالىپ ئارسلان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سالجۇقلارغا مالىك شاھ (1073 - 1093) سۇلتان بولغان. ئاشۇ مەزگىللەردە قاراخانىيلار خاندانلىقى بىر مەزگىل سالجۇقلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغان. سالجۇقلارغا ئائىت تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، سالجۇقلار خانلىقى 12 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئاجىزلىششقا ۋە بۆلۈنۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئاساسىي ھاكىمىيەت كۈچى كىچىك ئاسىيا دائىرىسى بىلەن چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يىلتىزى سۈرگۈن ئاناتولىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 1308 – يىلى ياكى بەزى مەنبەلەردە 1318 – يىلى ئومۇمیۈزلۈك ئاخىرلاشقان. ئۇلار ئاناتولىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە دەسلەپ كونيا شەھرىنىسا ، كېيىنچە قەيسەرى شەھرىنى مەركەز قىلغان. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، دەسلەپكى ئوغۇز سالجۇقلىرى تەركىبىدە تەڭرىتاغ بويلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر قوۋملىرى بەلگىلىك ساننى تەشكىل قىلغان. شۇڭا سالجۇقلار ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن ئاناتولىيە رايونىغا سالجۇق قوشۇنلىرى تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىكلىشىپ قالغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما سالجۇقلار دەۋرىدە ئاناتولىيەگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، چۈنكى سالجۇقلار ئۆزلىرىنى «ئوغۇز تۈركلىرى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتىغان. بىزنىڭ پىكىر مەركىزىمىزدىكى «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى» نامى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلى بولغان ئىلخانىلارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئاناتولىيەدە قۇرۇلغان «ئەراتنا ئۇيغۇر بەگلىكى » بىلەن بىۋاستە تۇتۇشىدۇ.

ئۇنداقتا «ئەراتنا» زادى كىم؟ بۇ قىزىقارلىق، ئەمما مۇرەككەپ بىر تېما بولۇپ، بىز ئاماسيا ۋىلايىتىدىكى «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى »نى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن بۇ ھەقتىكى ئاغزاكى تارىخىي ئۇچۇرلارنى تۈركىيە تارىخچىسى كامال گودە (KEMAL GODE)نىڭ «ERATNALILAR» (ئەراتنالىلار)[7] ناملىق نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسىرىدىكى ئەتراپلىق مۇلاھىزىلەرگە، ھەمدە تارىخچى ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشر قىلغان ئىككى توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭىچە بايقاشلارغا ئېرىشتۇق. ئەرەتنانىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ئاناتولىيەگە ماكانلىشىش تارىخىنى بىلىشتە گەپنى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش تارىخىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالىي قۇملۇقتا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تېمۇچىن مىلادىيە 1206 – يىلى ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى يىغىپ ئونان دەرياسى بويىدا چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، چىڭگىزخان دېگەن بۈيۈك نامنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن موڭغۇل قەبىلىلىرى چىڭگىزخان بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن غەربىي رايوننى بويسۇندۇرغان غەربىي لىياۋ سۇلالىسى (قىتان خانلىقى)[8] سىياسىي جەھەتتە كۈنسايىن چىرىكلىشىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، غەربىي لىياۋ سۇلالىسى گۇمران بولۇپ، بىر مەزگىل خارازىمشاھ دۆلىتى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى كۈچلۈك خاننىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغان غەربىي لىياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىرىلدۈرۈش نىيىتىدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلغاچقا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخاننىڭ غەربنى ئىستېلا قىلىش پىلانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلىدۇ. 1200 – يىلى قۇجۇدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتىكىن چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇللارغا ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلۇقلارمۇ چىڭگىزخانغا باش ئېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخانغا قارشىلىق قىلىۋاتقان غەربىي لىياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈچلۈك قەشقەر ئارقىلىق بەدەخشانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىزخان تەرىپىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ بېگى ئىسمايىلخان قوشۇنلىرى كۈچلۈكخاننى بەدەخشاندا تۇتۇپ، موڭغۇللارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن چىڭگىزخان ئىسمايىلخانغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىدۇ. «چىڭگىزخان گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۈبھىسىزكى، بىر قۇدرەتلىك، ئاقىلانە ھەمدە تۈرلۈك دىنىي ئېتىقادلارغا يول قويىدىغان ھۆكۈمدار ئىدى»[9] . دەرۋەقە، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچىلىق سىياسىتى ئومۇمەن ئۆزلۈكىدىن ئەل

[7] بۇ ئەسەر «ئاتا تۈرك مەدەنىيەت تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى» تەرىپىدىن 1994 – يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

[8] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 2 توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1999 – يىل.

[9] «چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمىھالى»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، 115 ـ، 116 – بەتلەر، ۋاڭ جىلەينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 – يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 توم، 193 – بەتتىكى نەقىلدىن.

بولغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئىشلىتىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرىنى ئاساس قىلغاچقا، دەسلەپ بەيئەت قىلغان ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئۆزىگە كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلغان. ھەتتا ئەينى دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېخى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان موڭغۇللاردىن مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چىڭگىزخان، ئوردا ئەقىلدارلىرىنى ۋە بىر قىسىم ھەربىي قوماندان، قوشۇن سەركەردىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلىگەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئىستېلا قىلىشتا ئۇيغۇرلاردىن كۆپ پايدىلانغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خارەزم، خوراسان ھەتتا كىچىك ئاسىيا رايونلىرىغا كۆپلىگەن ئۇيغۇر قوۋملىرى كۆچۈرۈلگەن. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى بىپايان زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چىڭگىزخاننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېلىپ بارغان. بۇ جەريانلاردا ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ بارلىق مەمۇرىي ئىشلىرىنى خوجا باھاۋىدۇن ئىسىملىك ئۇيغۇرغا تاپشۇرغان، ئۇنىڭ ئانىسى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. چاغاتاي خان يەنە خوراساننىڭ ھاكىم بەگلىكىگە ئۇيغۇرنى بەلگىلىگەن[10]. چىڭگىزخاننىڭ 3 – ئوغلى ئۆگدەيخاننىڭ 6 – خانىشى ئۇيغۇر نەسلىدىن بولۇپ، ئۆگدەيخان 1241 – يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان كۆيۈكخان ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر ئايالىدىن بولغان تۇنجى بالىسى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ 4 – ئوغلى تۆلوخاننىڭ 10 ئوغلى بولۇپ، 3 – ئوغلى ھىلاكوغا غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسى بېرىلگەن. ھىلاكونىڭ چوڭ قوشۇنى 1253 – يىلى 10 – ئايدا ئوردوكەنتتىن يولغا چىقىپ پېرسىيىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي ئاسىياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىدۇ. ھىلاكونىڭ بۇ چوڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى چىڭگىزخاننىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان ئەخمەت بارچۇق ئىسىملىك ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى ئەمىر راتنا ئىدى. 1258 – يىلى ھىلاكونىڭ بۇ قوشۇنى باغدادنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدا مەشھۇر ئىلخانىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. بۇ ھاكىمىيەت 1258 – يىلىدىن 1388 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى. ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. موڭغۇل خانلىرىدىن غازانخان (1294 - 1304) ۋە ئولجايتۇ (1304 - 1316) دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەمىرسەۋىنچ ئاكا خاننىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەمىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئولجايتۇ تەرىپىدىن خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن، يەنە بىر ئۇيغۇر بېگى ھەسەن قۇتلۇقمۇ ئولجايتۇنىڭ ئەڭ يېقىن بەگلىرىدىن ئىدى. ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ھىلاكوخان ئوردىسىدا ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلغان ئۇيغۇر ئەمىرلىرى ئىچىدە، ھەممىدىن ئىشەنچلىك ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئەمىرلەردىن ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان ئەراتناما فامىلىلىك ئۇيغۇر بېگى ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى تارىم تاج (؟) ۋە سۆنۈك تاج (؟) لار ئىدى. ئەراتنا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلخانىلارنىڭ خانلىق ئوردىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ ناھايىتى ئەقىل – پاراسەتلىك، قەددى – قامەتلىك، جەسۇر ۋە قۇدرەتلىك بولغاچقا ياشلىق دەۋرىدىلا «نويان»[11] شەرىپىگە ئېرىشىپ، ئىلخانىلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمىرى بولغان. ئىلخانىلار ئاناتولىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئەراتنانىڭ دادىسى (ئەخمەت بارچۇقنىڭ ئوغلى) جاپپار بەگ[12] قەيسەرىيەنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئەراتنا ئاشۇ مەزگىلدە قەيسەرىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان.

سالجۇقلارنىڭ ئاناتولىيەدىكى ھۆكۈمدارلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلخانىلاردىن ئەمىر چوبان ئوغلى ئەمىر تۆمۈر تاش ئاناتولىيە رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىلخانىلارنىڭ يەرلىك بەگلىرى قارشىلىق قىلىپ ئاناتولىيەدە بىر مەيدان ئىچكى جەڭ باشلانغان. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر بېگى ھەسەن قۇتلۇقنىڭ قېرىندىشى كوربوغا، دىيار بەكرى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سۇتاي نويانىنىڭ ئوغلى بورانباي قاتارلىقلار بىرلىشىپ تۆمۈر تاشقا قارشى ئاتلانغان ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر چوباننى ئۆلتۈرگەن. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر تاش 1327 – يىلى ئاناتولىيەدىكى ھاكىمىيەت ئورنىنى ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادىرى ۋە قېيىنئىنىسى ئەمىر ئەراتناغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى مىسىر مەملۇك خانى مەلىك ناسىرنىڭ يېنىغا كەتكەن. مەلىك ناسىر تۆمۈر تاشتىن گۇمانلىنىپ، ئالدىغا كەلگەن بۇ ئاناتولىيە پادىشاھىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، 1328 – يىلى ئۇنى ئىلخانىلار شاھىنشاھى ئەبۇسەئىدكە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر تاشنىڭ ئاناتولىيەدىكى 10 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر ئەراتنانىڭ يېڭى ھاكىمىيەت دەۋرى باشلانغان.

ئاناتولىيە سالجۇقلىرى زېمىنىدا ئىلخانىلارنىڭ سىياسىي ۋارىسى سۈپىتىدە ئەمىر ئەراتنا تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ بەگلىك ئۆزىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامى

[10] ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 – يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 توم، 248 – بەت.

[11] «نويان» ياكى «نويىن» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، شاھزادە ياكى سۇلتانلارنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىغا تەۋە بۇيۇكلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋاندۇر.

[12] كامال گودەنىڭ «ئەراتنالىلار» ناملىق كىتابىنىڭ 26 – بېتىدە «ئەراتنانىڭ دادىسى، قەيسەرىيەنىڭ ھاكىمبېگى جاپپار بەگ موغۇل بەگلىرىدىن ئىدى» دېگەن مەلۇمات بار. شۇنداقلا، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەراتنا ئوغۇللىرى» قىسمىدا «ئەراتنا _ ئۇيغۇر بېگى جاپپارنىڭ ئوغلى» ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «ئەراتنانىڭ دادىسى ئىلخانىلار خانى ئاباكاخان (1265 - 1282) نىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر تەيجۇ (؟) باخشى نامىدىكى بىر ئەمىر ئىكەن.

بىلەن تارىختا «ئەراتنا بەگلىكى» دەپ ئاتالغان. بۇ بەگلىك يۇقىرى ئاناتولىيەدە 1327 – يىلىدىن 1381 – يىلىغىچە 54 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇيغۇر بېگى ئەراتنا دەۋرىدە ئاناتولىيەدىكى ئىچكى نىزالارغا خاتىمە بېرىلىپ، بىر مەھەل تىنچ ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئەمىر ئەراتنا مىسىردا قۇرۇلغان مەملۇك تۈرك سۇلتانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاناتولىيەدىكى ئوغۇز سالجۇقلىرى بىلەن ئەراتنا ئۇيغۇرلىرى (ئىلخانىلار دەۋرىدە ئاناتولىيەنىڭ توكات، ئاماسىيا، چورۇم، سىۋاس، كىرشەھىر، قەيسەرى قاتارلىق شەھەر – رايونلارغا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان بولۇپ، ئوغۇز سالجۇق تۈركلىرى ئۇلارنى «ئەراتنا ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىغان __ ئاپتوردىن) ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر ئەجدادلىق يېڭى مىللىي بىرلىك ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇيغۇر بېگى ئەراتنا ئىلخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ماس قەدەمدە ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاناتولىيەنى موڭغۇللارنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن ساقلاپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاستا – ئاستا ئىلخانىلار ھاكىمىيىتىدىن چېگرا ئايرىپ، مۇستەقىل ھالدا ئاناتولىيەدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئەراتنانىڭ بۇ ئىجابىي خىزمەتلىرى ئوسمانىيلارنىڭ پۈتۈن كىچىك ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئادىل سىياسىتى تۈپەيلى، ئۆزى كوسا بولغاچقا ئەل ئىچىدە «كوسا پەيغەمبەر» دەپ سۈپەتلەنگەن. ئەراتنا ۋاپاتىدىن كېيىن سېپىت بورھانىددىن ئەخمەت ئەراتنا بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېگى بولغان. ئاماسىيا ۋىلايىتىنىڭ «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»دە ياشاۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ سېپىت ئەخمەتنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا كېرەك[13]. («ئۇيغۇر بەلەدىيەسى»دىكىلەر ساقلاپ كېلىۋاتقان شەجەرىدە شۇنداق يېزىلغانلىقى مەلۇم).

دېمەك، بۇ رېئال تارىخىي قىسسە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى، بولۇپمۇ ھىلاكو قۇرغان ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە «ئەراتنا» فامىلىلىك ئۇيغۇر جەمەتلىرىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ ئاناتولىيەدە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن تارىخچىلار، بۇ ھەقتە، بولۇپمۇ مىلادىيە 1327 – يىلىدىن مىلادىيە 1381 – يىلىغىچە ئاناتولىيەنىڭ باش ۋالىيسى سۈپىتىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاكىمىيەت سۈرگەن ئەراتنا ۋە «ئەراتنا ئۇيغۇر بەگلىكى» ھەققىدە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن: ئاناتولىيە سالجۇق دۆلىتى دەۋرىگە تەئەللۇق تارىخىي ئەسەرلەردىن ئەپلاكى (Eflaki)نىڭ «مەناكىبۇل ئارىفىم» (Menakibul - arifim)، ئەستە رەبادىنىڭ «بەزىم ۋە رەزم» (Bezim Ve Rezm)، شىكارىنىڭ «كارامان ئوغۇللىرى» (karaman oğullari) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، ئىرانلىق مۇئەللىف شەبان قارىنىڭ «مەجمۇئۇل ئىنساپ» (Mecmaul - ensab) ناملىق ئەسىرىنى، ئەرەب مەنبەلىرىدىن ئىبىن خەلدۇننىڭ «كىتابۇل ئىبەرى» (Kitabul -Iberi) ۋە قالقاشاندىنىڭ «سۇبھۇل ئاشا» (Subhul - Aşa)، ماكىرىنىڭ «كىتابۇل سۇلۇك» (Kta-bul - sülük)، ئەينىنىڭ «ئىكولۇل جۇمانى» (Ikolul - cumani)، ئۆمەرىنىڭ «مەسالىقۇل ئېبسارى» (mesalikul - Ebsari)، ئىبىن خەجەرىنىڭ «ئەددەرەرول قامىنە» (ed - durerül - kamine) قاتارلىقلارنى، ھەمدە ئوسمانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق مەنبەلەردىن «تارىخىي تەۋقىملەر»، زادە ئەلىنىڭ «سالجۇقنامە»، ئىنايىتۇللاھ ئەپەندىنىڭ «ئەراتنا تارىخى»، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەرتەنە ئوغۇللىرى» قىسمى قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بولۇپمۇ 1994 – يىلى تۇنجى نەشر قىلىنغان كامال گۆدەنىڭ «ئەراتنالىلار» ناملىق يىرىك مونوگرافىيەسىدە «ئەراتنا بەگلىكى» ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن (بىر يىرىك ئەسەر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ). يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان پارسچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە يېزىلغان بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تارىخىي ئەسەرلەردە ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار فامىلە سۈپىتىدە قوللانغان «ئەراتناما» دېگەن ئۇ ئىسىم «ئەرتىنىي»، «ئەرتەنى»، «ئەردىنى»، «ئەردەنى»، «ئەرەتنا»، «ئەردەنا»، «ئەرتانە»، «ئەرتەنە»، «ئەرەتنە»، «ئەرتانا»، «ئاردانا»، «ئاراتنە» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردە پۈتۈلگەن بولۇپ، تۈركلەر ئومۇملاشتۇرۇپ «ئەراتنا» دەپ قوبۇل قىلغان. بۇ ئىسىمنىڭ يىلتىزى ئەسلىدە سانسكرىت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن «راتنا» بولۇپ، مەنىسى «ئۈنچە - مەرۋايىت»، «جاۋاھىرات»، «دۇررى مارجان» دېمەكتۇر. بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى

[13] ئەراتنا بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى خانى سېپىت ئەخمەت جالايىر ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكوغا ئەگىشىپ غەربىي ئاسىيانى ئىگىلىگەن ئەخمەت بارچۇقنىڭ (لەقىبى - راتنا) ئەۋرىسى. ئۇ كېيىن موڭغۇل خانلىقى تەرىپىدىن باغدادنىڭ سۇلتانلىقىغا تەيىنلەنگەن. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى ئۇنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى بەيازىد 2 نىڭ ھۇزۇرىغا قېچىپ بارغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تېمۇرىيلەر ئۇنى قوغلاپ ئاناتولىيەگە كىرىپ، 1402 – يىلى ئەنقەرەدە بايەزىد 1 بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقان. بىر كۈنلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن بايازىد 1 چېكىنىش قارارىغا كەلگەن ۋە ئوغلى بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن. ئاقساق تۆمۈر ئۇنىڭغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، بايازىد 1 نومۇس كۈچىدە پۈچىلىنىپ، 1403 – يىلى 3- ئاينىڭ 9 – كۈنى ئاقشەھىردە ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بىر مەھەل تېمۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئىسىمنى «ارتني» (Ertini) ئىملاسى بىلەن يازغان بولۇپ، «قىممەتلىك ئۈنچە كەبى بەدەن ساھىبى» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن[14] . بۇ ئىسىم ھەرخىل تىللاردا قانداق تەلەپپۇزدا قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تەكتى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كونا ئۇيغۇرچىدا جۈملىدىن مۇڭغۇلچىدا «ساپ ئۈنچە مەرۋايىت» دېمەكتۇر. «ئۈنچە - مەرۋايىت» مەنىسىدىكى «راتنا»نىڭ ئۆزلۈك شەكلى «ئەراتنا» دەپ ئات قويۇش قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر قائىدە ئىدى. «ئۈنچە- مەرۋايىت» سۆزى خاس ئىسىم سۈپىتىدە زامانىمىزدىمۇ قوللىنىلماقتا[15].

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، بۇ خاس ئىسىم سانسكرىتچە مەنبەلەردە «راتنا»، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە مەنبەلەردە «ئاراتنا» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئىلخانىلار دەۋرىدە ئاناتولىيەدە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر نەسەبلىك بەگلەر ئۇ ئىسىمنى سىلىقلاشتۇرۇپ «ئەراتنا» شەكلىدە فامىلە قىلىپ قوللانغان. بىز زىيارەت قىلغان «ئۇيغۇر بەلەدىيەسى »دىكى ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ كېلىۋاتقانلار ئەنە شۇ «ئەراتنا بەگلىكى» دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، باشقا شەھەر – رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارىسىغا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئەسلىدىكى ئانا تۇپرىقى – تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدىن ھالقىپ ئاناتولىيە رايونىغا بېرىپ ماكانلاشقىنىغا 800 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق پۇقراسى سۈپىتىدە تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا.

## خاتىمە

چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەۋرىدە، موڭغۇل قوشۇنلىرى تەركىبىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇنۇملۇك پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايلاردا يەرلىكلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىزدە تېخى ئەتراپلىق ۋە يېتەرلىك تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق تارىخىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك بىر تېما ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ تېمىغا قىزىققانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمدە قۇبلايخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگونى بىرلىككە ئۇرۇشلىرىدا ئاجايىپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكەن «جيەن» فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2007 – يىللىق 2 – سانىدا ئېلان قىلغان ئىدىم. ئۆتكەن يىلى تۈركىيەدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن زاماندىش بولغان ئاناتولىيەدىكى يەنە بىر ئۇيغۇر رايونىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى سۈپىتىدە مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، 13 – ئەسىردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي – جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرىدا، جۈملىدىن كورېيە ، ھىرات، كەشمىر... قاتارلىق چەت ئەل رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى مەلۇم. شارائىت يار بەرسە، ئۇلار ئۈستىدە بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قېرىنداشلارنىڭ تەكتى ۋە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئېنىقلاشنى ئارزۇ قىلىمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە)

ئالىملار چىملىق- سازلىققا ئوخشاش بولىدۇ.
قەيەرگە ئاياغ باسسا، (شۇ يەردىن) سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

[14] كامال گودە: «ئەراتنالىلار»، 1994 – يىل، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرى، 18 – بەتكە قاراڭ.

[15] مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 – يىل، 1 توم، 96 – ۋە 126 – بەتلەر.



# كىتابخانغا

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم

كىتاب – قەغەز، سۆيۈملۈكتۇر ماڭا ھەر جايدا يار بولسا،
نادانلار ئالدىدا قەغەز - قەلەم بىئېتىبار بولسا.

كىتابقا ئاشىنا بولدۇم ئىلىمنىڭ پەيزىنى سۈردۈم،
سۆيۈنمەمدۇ كىشى دىلدىن بەخت - ئىقبالغا يار بولسا.

بىلىم ئىشقىدا يانغانمەن بولۇپ مانەندە پەرۋانە،
يۈرەكتىن سۆيگىنىم سۆيگەن كىتابتەك خۇش نىگار بولسا.

قەلەم – قەغەز بىلەن سىرداش بولۇپ خىلۋەتتە ئۈن – تىنسىز،
نى كۈيلەر كۈيلىمەس ئىنسان بىلىمگە دىل خۇمار بولسا.

گۆدەكلىك چاغلىرىمدىنلا بىلىمگە مەھلىيا بولدۇم،
دەمى ئايرىلمىقىم مۈشكۈل، بىلىمدەك گۈلئۇزار بولسا.

ئارامگاھىم كىتابىمدۇر ئۇنىڭسىز ھېچ ئارامىم يوق،
ئارامبەخش قۇرلىرى دىللار ئارا چاقناپ تۇرار بولسا.

سۇكۇناتقا چۆمۈلگەن كائىنات تۈن ئىچرە مەن تەنھا،
نە تەنھا ئۈلپىتىم دىلكەش كىتابىم يانىدا بار بولسا.

بولۇپ خىلۋەتتە كۈلبەم ئىچرە مەزھەر جىلۋە ئى جانان،
نە جاھان ھەر ۋەرەقتىن يۈز تەجەللى ئاشكار بولسا.

تىنىمسىز ئىنتىلىش روھى راۋانىمدۇر بەدەن ئىچرە،
خىرەد ئەھلىگە خاس غەيرەت دىلىمدا جۇش ئۇرار بولسا.

نېسىپ بولماس كىشىگە نوكتەدانلىق ئەجر – مېھنەتسىز،
كېچىپ ۋاز ئىستىقامەتتىن بىھۇش ئۇخلاپ ياتار بولسا.

پاراغەت ئىستىراغەتتىن كېچىپ تىنماي ئۆگەنمەستىن،
قىلىپ غەپلەتتە ئاغرىنما بىلىم سەندىن قاچار بولسا.

جاھالەت دەشتىدىن قاچتىم بەدە ر نۇرانە يول ئىزدەپ،
كامالەت ۋەسلىگە يەتكەي كىشى ھەق يول تاپار بول.

نادانلىق بىرلە ئاڭسىزلىق كىشىگە بىداۋا دەردتۇر،
نە قىلغاي دىل كۆزى كور بىداۋا دەركە دۇچار بولسا.

ئىلىم ئەھلى ماكان تۇتتى كامالەت تەختىدە ھەر چاغ،
ئىلىمسىزلار زەبۇنلۇقتا پېقىرۇ خاكسار بولسا.

زۇھۇر ئەيلەپ ئەدەم سەھراسىدىن يېگانە بىر قامۇس،
تەبەسسۇم ئەيلەبان ناز ئىلكىدە سىزگە باقار بولسا.

ئېچىلغاي زەر چېچىلغان مەنىلەردىن توزۇماس گۈللەر،
تەخۇشتۇر رەڭمۇرەڭ گۈللەر مۇئەتتەر ھىد چاچار بولسا.

ئارامبەخش باغچىدۇر قامۇس ئېچىلغان غۇنچىدۇر ھەر سۆز،
تۇرارمۇ يايرىماي دىللار چىمەنلىك مۇرغىزار بولسا.

بولۇر ھەر مۈشكۈلاتلار دەرمەھەل قامۇسنى ئاختۇرساڭ،
كۆڭۈل رىشتىڭ ئۈزۈلمەستىن كىتاپقا باغلىنار بولسا.

دىماغلار يايرىغاي يىلداپ مۇئەتتەر ھىد ئېلىپ ھەردەم،
شامال تارقاتقىنى بەدبۇي ئەمەس خۇشبۇي ئىپار بولسا.

كىتاب كۆرسەڭ مۇھەببەتدۇر قولۇڭدا رەھنەما قامۇس.
داۋان ئاشماق بولۇر ئاسان يولۇڭچى شەھسۇۋار بولسا.

لاتاپەت بابىدا يەكتا لۇغەتلەر غۇنچە رەناسى.
تولۇپ ھېكمەتكە ھەر قۇر شۇنچە چوڭقۇر مەنىدار بولسا.

يېزىپ ھەر سۆزنى مىڭ دەڭسەپ دۇرۇس مەنانى قوغلاشتىم.
قىزىقمايدۇ خېرىدارىڭ مېلىڭ ئۆتمەس تاۋار بولسا.

قانات قاققاي خىيال كەپتەرلىرىم ئۆرلەپ ساما ئۆزرە.
قەلەم جەۋلان قىلىپ ئىلھاملىرىم سەلدەك تاشار بولسا.

لۇغەتتۇر يار دىلخاھى ئۇنى سەن تۇتىيا بىلگىن.
بولۇپ شوتا نىشانغا ئۆرلىمەككە ئەسقاتار بولسا.

خىرام ئەيلەيدۇ قۇرلار ئىچرە سۆزلەم ئىشىۋە ناز بىرلە،
نە خۇش زېھنىڭنى سۆزلۈكلەر قۇياشتەك يورۇتار بولسا.

ئىلىم سەھراسىنى كەزگىن بولۇپ قامۇسقا چىن مەپتۇن،
ئويۇن سەيناسىدا يۈرمەك خالايىق ئىچرە ئار بولسا.

بۇدۇر ئابى ھايات يا ئابى كەۋسەردۇر ئوقۇر تەھسىن،
ئىلىم تەشناسى چاڭقاقلار ئىچىپ كەۋسەر قانار بولسا.

تامامىلانىمانماي تۇرۇپ قامۇس قاچان كۆڭلۈم تاپار تەسكىن،
كىتاپخان تەلمۈرۈپ تېزرەك كۆرۈشكە ئىنتىزار بولسا.

ئوقۇرمەن زوقلىنىپ خۇشتار بولۇر ھەرچاغدا قامۇسقا،
تىرەن مەنالىدىن ھەر بەتتە ئاھۇلار شىكار بولسا.

خىيالىم كەزدى مەنالەر بايابانىنى تىنماستىن،
ساڭا يەتمەمدۇ ھەر بەت ئىچرە مول مەنا ياتار بولسا.

ھۇمايۇن قۇشلىرى قونغاي بېشىغا تۆھپىكارلارنىڭ،
ئۇلاردا ئىجتىھات، غەيرەت، ئىرادە، ئىقتىدار بولسا.

تالاي يىللار رىيازەتتە ئىلىم گىردابىدا ئۈزدۈم،
جاۋاھىرلار سۈزۈپ تىنماي، غەرەز دۇرلار نىسار بولسا.

كىشى ئاجىز ئىكەن زەپمۇ نەپەستىن قالسا يوق ئىنسان،
ھاياتتۇر كەتسىمۇ ئىنسان ھەقىقىي تۆھپىكار بولسا.

بېرىلدىم ئىلمۇ ئىرپانغا بوشاشماي ئىزدىنىپ شۇنچە،
نىشانغا يەتمىگەي ئىنسان يۈرەردە بىمادار بولسا.

لۇغەت مەستانىسى بولدۇم چېكىپ كۆپ رەنجۇ مېھنەتلەر،
يېنىڭدىن ئايرىما ھەرگىز لۇغەت قۇتلۇق تۇمار بولسا.

چاچار بەتلەر ئارا دۇردانە سۆزلۈكلەر جۇلاسىنى،
تېپىپ قامۇستا چىن مەنا بۆلەكتىن جانلىنار بولسا.

تەپەككۇر قۇشلىرىم ساقى بولۇپ خۇش پەيتتە قوش قوللاپ،
ۋىسال جامىغا شەربەت تولدۇرۇپ بىردەك تۇتار بولسا.

پاچاقلاپ مۈشكۈلاتلارنى بولۇرمەن شىرى يەزداندەك،
سېزەرمەن مىڭ ھۇزۇر دىلدىن توساقلار تارمار بولسا.

مۇئەممالار بەسى كۆپ دۇچ كېلەر ماڭدامدا بىر مۈشكۈل،
نىھان سىرلار ئايان بولماس كۆڭۈللەر بىقارار بولسا.

شاياتونلار بولۇرمىش خەستە دىللار ئاھىغا بائىس.
ئەقىل ئىدراكقا گۇمراھلىق يېتىپ يولدىن ئازار بولسا.

پەرى پەيكەر بولالماس دىلبەرى ئەييارە ناز ئەيلەپ،
ئوقۇپ ئەپسۇن دەمادەم ئىشقى بازارىدا زار بولسا.

يورۇقتۇر ھەر زامان كۆڭلۈم ئۆيى خۇرشىدى تاباندەك،
تىلەكلەر ھەل بول بېشەك كۆڭۈللەر بىغۇبار بولسا.

بولۇرمەن گاھى ناشاد، گاھى شاد باشىمدا مىڭ سەۋدا،
جاھان غەۋغالىرىدىن بىباھا ئۆمرۈم بىكار بولسا.

كېتەر يىللار ئۆتەر ئايلار پەسىللەر ئالمىشىپ بىر – بىر،
نەۋا ئەيلەر ھامان بۇلبۇل خازان بولماس باھار بولسا.

چىچەكلەپ بەختۇ ئىقبالىم ھاياتىم مەنىلىك ئۆتكەي،
ۋەتەن ئەل ئىشقى قەلبىمدە بولۇپ ئاتەش يانار بولسا.

دىيارىم قەرزى زىممەمدە ئۆمۈرۋايەت ئادا بولماس،
ھېلىغۇ تەندىكى بىر جان تۇمەنمىڭ جان نىسار بولسا.

بىكاردۇر ئەلگە خىزمەتسىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ چاغنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە دەۋران سۈرۈپ مىڭ يىل ياشار بولسا.

ئۆمۈر يۇلتۇزلىرىم ساقىپ تۈگەپتۇ بەرق ئۇرۇپ بىر – بىر،
مۆكۈنگەي كۆكتىكى ئەختەر كېتىپ شەب، گەر، نەھار بولسا.

قاراپ باقسام تۇرۇپتۇ كۆز ئوڭۇمدا شۇنچە كۆپ ماۋزۇ،
نىتەي ساقىندى ئۆمرۈمدە قەلەم چارچاپ يازار بولسا.

بېرىلگەي ئىلمۇ ئىرپانغا قەدەمدە قالدۇرۇپ ئىز،
كىمىكى روھى ئەجداتلارغا بەرھەق ئىز باسار بولسا.

كىتاب يازدىم ئۈمىد شۇكى جاھاندا قالدۇرۇپ كەتسەم،
نىشانەم قالسا ئەۋلادلارغا مەندىن يادىكار بولسا.

تەمەيىم يوق مۇكاپاتتىن پەقەت ئالەمچە بەختىمدۇر،
ئىشىم مەقبۇل بولۇپ دىللاردا نامىم يادلىنار بولسا.

**ئىزاھات:** ئۇستازنىڭ «ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ قامۇس» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى

# مەجنۇنگۈل رىۋايىتى

سەرۋى (ئامېرىكا)

(1)
بەلكى روھلىرىمىز تونۇشقاندۇر روزا مىساقتا،
شۇڭا بەك تونۇش تۇيۇلدۇق باشتا.
بىلىپ بىلمەي كۆڭۈل بېرىشتۇق،
كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان تۇنجى نىگاھتا.
بىلەلمىدۇق پەقەتلا نېچۈن،
مىليون قېتىم، مىليارد قېتىم، تىرىليون قېتىم
رەنجىشتۇق، ئايرىلدۇق، يەنە كېلىشتۇق،
 ئىككى مەجنۇن شۇنداق تېپىشتۇق.
ئاخىرى سىرلىق بىر يىپتا،
چەمبەرچاس باغلىنىپ قالدۇق.
بەلكىم ئانىلار تىلىگەندەك،
قاچۇرانىڭ يىلىمدەك چاپلىشىپ قالدۇق.
بەلكىم ئاتىلار تىلىگەندەك،
باشلىرىمىز باش، ئاياقلىرىمىز تاش بولۇپ قالدۇق.
شۇڭا قوشۇلغان ئىككى دەريادەك،
ئاقتۇق بىرلىكتە نامەلۇم دۇنياغا قاراپ.
گاھىدا شاۋقۇنلاپ، گاھى ياۋاشلاپ،
ئېقىپ قۇيۇلدۇق پايانسىز قۇملۇق قوينىغا.
تەڭرىنىڭ فەزلى ھەم رەھمىتى بىلەن،
تەقدىر يازمىسىنىڭ قەلىمى بىلەن،
قۇملۇق قوينىدا رەڭدار تاۋلىنىپ.
بىر تال مەجنۇن گۈل بولۇپ ئېچىلدۇق،
رەڭلىرىمىز مەجنۇن،
بەرگلىرىمىز مەجنۇن،
غوللىرىمىز مەجنۇن،
ياپراقلىرىمىز مەجنۇن.
ھەئە، تىكەنلىرىمىزمۇ مەجنۇن.
بىر بەرگى سەن، يەنە بىر بەرگى مەن،
بىر ياپرىقى سەن، بىر ياپرىقى مەن.
سەن بىلەن بىرگە ئەجەب تولۇقمەن.
سەدەپ قوينىدىن چېچىلغان مەرۋايىت كەبى،
بېتىمىزدە تىترەيدۇ ئاشىقانە شەبنەم.
تىكەنسەن تىكەن، تىكەنمەن تىكەن،
بىر-بىرىمىزگە سانجىلدۇق جەھلىمىز بىلەن،
رەقىبلەرنىڭ يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىدەك.
  نىگاھلىرىمىزدا ئويناىدۇ تېگى يوق ئەلەم.
جەڭگاھتا چاچرىغان قان تامچىلىرىدەك،
يەنىلا تىترەيدۇ بېتىمىزدە  ئاشىقانە شەبنەم.

(2)
بىر مەجنۇن بۇلبۇل كەپتۇمىش،
مەجنۇن گۈلنىڭ شېخىغا قونۇپ مۇنداق دەپ سايراپتۇمىش:
مەجنۇن گۈلنىڭ ئەس-ھۇشى يوق ئىمىش،
مەجنۇن گۈل ئەسلى  گۈل ئەمەسمىش.
چۈنكى رەڭگىگە قارىغان كىشى،
بىردەم يىغلاپ بىردەم كۈلۈپ يۈرەرمىش.
ھىدلىرىنى پۇرىسا ئەگەر،
مەجنۇن بولۇپ ئەقلى يوقارمىش.
ئازغۇن شاماللار بەرگلىرىنى ئۇچۇرسام دەرمىش،
شەبنەملىرىنى قۇرۇتسام دەرمىش.
تىكەنلىرىنى سۇندۇرسام دەرمىش.

مەجنۇن گۈل زۇۋان سۈرمەسمىش،
بىراق قۇملۇق دەپتۇمىش:
بىرگە ئاققان دەريانىڭ سۇلىرىدىن ئۈنگەن گۈل،
ھەمراھىچۈن ئۆزىدىن، بارلىقىدىن كەچكەن گۈل.
ئاچچىق-چۈچۈك كەچمىشتىن بەرگى مىڭ خىل تاۋلىنار،
نىگاھ تاشلاپ ھەركىشى بەرھەق يىغلاپ كۈلگەن گۈل.
ھەربىر ھىجران پەيتىدە كۈتكەچ ۋىسال شادلىقى،
ھىدلىرىدا ئەقىللەر ئوغۇرلىنىپ يۈتكەن گۈل.
بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ يالقۇنلىغان ئوتلىرى،
تەڭرى قۇدرەت قولىدا مەڭگۈلۈك بوپ ئۆسكەن گۈل.
ئاشىق-مەشۇق مېھرىدىن ۋە يا جۇنۇن-قەھرىدىن،
قىيامەتكە مەڭگۈلۈك سۇلماس بولۇپ ئۈنگەن گۈل.
تەلۋە ئازغۇن شامالغا ئېيىتىپ قويغىن بۇلبۇلۇم،
مەجنۇن گۈل ئۇ ئەسلىدە تەڭرى فەزلى چۈشكەن گۈل.
ئالەم ئارا مەجنۇن گۈل  ئوخشىشى يوق بىر تاللا،
ئۆچۈپ-يانغان ئاشىقنىڭ مۇڭلىرىدىن پۈتكەن گۈل.
ئاشىقچۈن مەڭگۈلۈك ساداقەتلىك مەشۇقنىڭ،
مەجنۇنلۇقى مەڭگۈلۈك رىۋايەتكە كۆچكەن گۈل.

2019 -يىلى 3 -نويابىر، ئامېرىكا

# شېئىرلار

نەسرىن (تۈركىيە)

## بەك گۈزەل ئاسمان

يېزىلىشتىن ئىلگىرى،
ئۆزۈلمىگەن چۈش؛
كۈتۈلمىگەن ئىلهام ئىدى.
*

كۆكۈلنى ئاۋۇندۇرغۇچى تەمكىن رەڭلەر
قارىغانچە مەيىنلىشىۋاتقان رەڭ خاندانلىقى
كىرىستاللىق پۈركىگەن مۇزدەك ئەتىر
بېجىرىم قاناتلار ئۆرلەۋاتقان ئۇپۇق تورۇسى
پورەكلەۋاتقان سەنئەتنىڭ نۇر تېزلىكىدە كېڭىيىشى
قايماق تەملىك بۇدرۇق بۇلۇتلارنىڭ جىيەكلىرى
قانرەڭگە مايىل سۆسۈن سېزىم بىلەن ئىنچىكە گىرۋەكلەنگەن.
ئاسمان تەسۋىرى دولقۇنلاپ، ئىپادە قىلىنىشتىن ئاجىز كەلگەندە،
كۆزۈمگە لىق تولغىنى
ھۆججەيرىلىرىمگە تاراپ كەتكىنى
سۆسۈن پايانسىزلىق
*

« بەك چىرايلىق ئاسمان...!.. »دېدى بىر يىگىت.
ئۇ ئۈمىدلەرنى جاكارلىدىمۇ؟
ئاسمىنىمىزنى سۆپەتلىدىمۇ؟
پەرۋازغا ئايلانغان بىر پارچە سۈرەتكە قاراپ تۇرۇپ.
«بەك گۈزەل ئاسمان...!..»نى كۆزداش، قۇلاقداش، يۈرەكداش بولۇپ
بىللە كۆردۈم بىلمەي تۇرۇپ.
*

ئەڭ كىچىك بۇرجەكلىرىگىچە ئۇنتۇلۇپ قېلىنمىسۇن دەپ خاتىرىلەشكە ئالدىرىغاندەك
ياشاڭغىرىغان خۇشاللىق
رېئاللىققا ئىتتىردى چاناقلىرىمنى...
*

ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن «چۈشۈمگە ئالدىنىش پوزىتسىيەم»،
ئون يىلدىن بۇيان ياخشى چۈش سوراپ باقمىغانلىقىم،
«چۈشۈمگە ئالدىنالايمەن» دېگەن جۈملىدەك
تاڭ پەيتىدىكى ئىجابەتلىكتىن كېيىن ئېسىمگە چۈشتى.
چۈش ئىچىدىكى مىسرا ھويلامغا ئاتلاپ چىقتى.
نەچچە كېچە، نەچچە كۈندۈز ئۇخلاتمايدىغان ھاياجاننى، ھاياجانلىنىشنى
قانچە دانە ئوقۇرمەن تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟
*

تاپالمايدىغان ئۇيقۇمنى بىمەزگىل تېپىۋېلىشىم چۈش كۆرۈشۈم ئۈچۈنمىدى؟
ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن مەن،
مېنى مەن قىلغانلىرىمنىڭ خاتىرىلەنگەن ھامان
يېپيېڭى بىر شېئىر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈنمىدى ؟
ئاچقۇچلارنىڭ بوينۇمغا ئېسىلىشىغا ئوخشىغان
فىردەۋسكە ئۇلىشىدىغان

كېچىلىرىمنىڭ كۆنەلگۈسى بولۇش ئۈچۈنمىدى؟
*

ھەقىقىي شېئىر «سۆسۈن چۈش» تەك زورۇقۇلماي يېزىلسۇن.
قەلىمىمنى قويدۇم،
كۆزۈمنى يۇمدۇم.
مەن ئاسمانغا ماڭدىم، ئاسمانغا...

## ئاخىرقى شېئىر

*

بۈگۈن قۇياش بېشىڭ ئۈستىگە ئۆرلىمەيدۇ
قەدەملىرىڭ يەرنى ئاۋۋالقىدەك دەسسىمەيدۇ
مەغرۇرلۇقۇڭنىڭ ئەسلىدە مەن ئىكەنلىكىنى
بېقىشلىرىڭدا قىيا ئىكەنلىكىمنى تۇنجى قېتىم سېزىسەن
ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە چوڭ كېلىپ قالىسەن
ئەينەككە قارىغىنىڭدا باشقا بىرىنى كۆرىسەن ..
*

پۈتۈك ئىچىدىكى قىممەت ئىدىڭ ئۆمرۈم بىلەن يوشۇرغان
ئەركىڭگە يۈتۈپ كەتتىڭ.
ئەمدى سۈكۈت ئۈنلۈك تۈۋلاپ يۈرمەيدىغان بولدى
باھارىم توقۇپ چىققان كۆۋرۈك جۈپ تۇرنىنى كۈتمەيدىغان بولدى
مەن يامغۇر بولۇپ ياغمىغان كۈندە
بېغىشلاش سۆزلىيەلمىگەن ۋاز كېچىش چاقماق بولۇپ چېقىلىدىغان بولدى.
*

«بارچە ئاقلىق سېنى سۆيۈپ ئاقىرىدىغان چاچلىرىمغا يېتەلمەس»
«شائىر مەغرۇرلۇقىنى سۆيگۈنىگە بېرىپ ،ئۆزى غۇرۇرسىز قالىدۇ»
«مەن كېتىپ قالغان شۇ كۈنى ئەڭ كىچىك ئېھتىماللىقلارمۇ بىللە كېتىدۇ» دېمىگەنمىدىم؟
سۆزلىرىمگە مەلىكە بولدۇم ئەي شاھزادە..

*

ئاق رەڭنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم
قۇندۇزدەك چاچلىرىمدىكى بىرنەچچە تال ئاق بىلەن شائىرلىقىمدىن كېچىپ ئۇزىماقتىمەن
بارماقلىرىڭغا سىغمايسەن
ئاچ ئىككى ھاياتىڭنىڭ ئالقىنىنى
سېنى ساڭا قالدۇردۇم .

## دۇئا

ئۇنتۇشقا مەجبۇرلانغان كۈنۈمنىڭ ئاخىرىنى ئىزدەپ
چوڭايتىۋالغان سىغىمىڭنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن
كىملىك تامچىتىۋاتقان ئىدىيەمنىڭ جۇمىكىنى ئاستىلىتىپ قويدۇم
ئەسلىمىلەرنى ئەھدىلىرىڭدىنمۇ كىچىك بىر قۇتىغا سېلىپ قويغىنىمنى ئېتىراپ قىلىمەن
تاۋۇشلار ئىجاد قىلغان ئەپسانە دۆلىتىنى
ئۆلۈم پورەكلىگەن ئىشغالىيىتىڭنى رەت قىلىمەن
كوكۇلامغا توقۇلۇپ قالغىنى
مەندىن سۆكۈۋالغانلىرىڭ
تۈنلەر بىلەن ئىچىمنى تىرناۋاتقىنى
يۈزى تۇپىغا مىلەنگەن سەييارىنىڭ ئوربىتىسى
كەلمىگىنىڭ ئۈچۈن ئاھالەم بولغان تۇيغۇ
كەلگىنىڭ ئۈچۈن سۈرگۈن بولۇپ ئېتىقادىمغا خائىن بولماقتا
نۇرغۇن قىزلارنى ياراتماي
مېھرى بىلەن مېنى باغرىغا باسقان خامۇشلۇق ۋە دېۋەڭلىكىڭنىڭ

مەزمۇت بىلەكلىرى ئارىسىدا قىمىرلىيالمىغىنىمغا توقسان توققۇز كۈن بولغاندا
سەندىن ئازاد بولۇشنى
توقسان توققۇز ئىسمىدىن تىلەيمەن.

## ھالقىش

بىر كۈن كېلىدۇ ئەتىرلىرىنىڭ ئېسىلى ئۆلۈم بولىدۇ.
مەستخۇش بولۇپ قايرىلىپ قارىساڭ، يىراقتا قېچىپ،
ئالدىڭغا بۇرۇلساڭ بۇرنۇڭ ئۇستىگە قونۇپ سېنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدۇ.
بۇ مۇساپىر ئۆلۈمنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پەيتى بولۇشى مۇمكىن.
*

تۇيۇقسىز يورۇغان بىر ھەقىقەتتىن ھودۇقۇپ كېتىسەن،
سەندىن باشقا مېنى سېغىندۇرالايدىغان يەنە بىر نەرسە باركىنا؟!
*

ئۆلۈمنىڭ غالىبلىقىنى سورۇۋاتقىنىمدا،
پۇتۇمغا ئېسىلىۋالغىنى ئاپرېلنىڭ يوغان بېشى،
چۈشۈپ قالغىنى غالىبلىقنىڭ قاسىرىقى.

## شېئىرنىڭ ئاقىۋىتى

ئۇ بۇ شېئىرنى يېزىۋاتقاندا
دۆۋە-دۆۋە كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا
ئۆز ئۆيىدە، ئۆز دۇنياسىدا ئىدى.
بۇ ھاياجاننى بېرەلمىگەندەك ھېچكىم تارتىۋالالمايتتى.
بىللە ئويغىنىپ كېتەلمىگەن چۈشكە رىزىقداش تۇيغۇ ئالدىرايتتى
قىزىلدىن كېيىنكى يېشىل چىراغلارغا.
*

بارمىقى بەختلىك ئىدى
قەلىمى بەختلىك ئىدى
ئۇ بۇ شېئىرنى يېزىۋاتقاندا.
شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ ئەينى تەسۋىرلەشكە قۇربى يەتمىگەچ؛
كۆزنى يۇماتتى خىيال سۈرەتتى
ئاچاتتى، شېئىر يازاتتى.
ئاخىرقى مىسرادىكى ئاخىرقى سۆزگە چېكىت قويغۇسى كەلمەي
«چوقۇم بىركۈنى...» دېگەن سۆزنىڭ چارىسىزلىقىدەك كۆپ چېكىتلەرگە تاپشۇرۇپ قويماقچى بولدى.
*

شېئىر يازدىم دېدى ئۇ مۈشۈكىگە
شېئىر يازدىم دېدى كۆز ئەينىكىگە.
شېئىر ئۇنىڭغا ناندەك ئىشەنچلىك
سەھەردەك ئىللىق تۇيۇلۇپ كەتتى.
—بۈگۈن ئاسمانمۇ باشقا
—مەنمۇ باشقا! دېدى ئۇ
«باشقا» بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھەممىنى
بۈگۈن ۋە بۈگۈندىن كېيىن قىلماسلىققا قەسەم قىلدى
ئۆيىدىن چىقتى.
*

كېيىنكى بېكەتتە:
«يېزىلغان شېئىرلار ئوقۇلماسلىقى ئۈچۈن»
«يېزىلمىغان شېئىرلار بىركۈنى ئوقۇلۇشى ئۈچۈن» دېگەن يول بەلگىسىنى ئۇچراتتى.
قايتتى، ئىشىكنى ياپتى.
ئۇيقۇغا كەتتى...



# تەرسا بوۋاي

دېۋ گرىفس (ئامېرىكا)

كۆزۈڭلار نېمە كۆردى، ھەمشىرىلەر، نېمە كۆردى؟
ئەقلىڭلاردىن نەلەر كەچتى كۆز كۆرگەندە شۇدەم مېنى؟

بىر تەرسا بوۋاي...يوقالغان ئېسى،
ئادەتلىرى تاشلاپ قاچقان، نۇرسىز كۆزلىرى.

تامىقىنى ئېزىپ يەپ، جاۋابمۇ بەرمەس،
ئۈنلۈك، ئۈنلۈك ئېيتساقمۇ «يەپ كۆرۈڭ قېنى!»

گويا ئۇندا مۇستەسنا ئىشىڭلارغا سەپ سالماق،
يۈتتۈرگىنى يۈتتۈرگەن بىر پاي ئاياق يا پايپاق.

قارشىلىقى بولسىمۇ گەر شۇ ھارغىنلىقتا،
يۇيۇپ-تاراشلارغا ئۇ ماسلاشقان شۇنداق.

بۇمۇ كەچتى ئەقلىڭلادىن ، كۆرگىنىڭلار بۇلىما؟
كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، كۆرمەسكە سالماي ئۇنداق.

ئېيتىپ بېرەي كىملىكىمنى، جىمجىتقىنا ئولتۇرۇپ،
بۇيرۇقلارغا بوي سۇنغاچ تامىقىمنى يەپ تۇرۇپ.

مەن ئون ياشلىق بالا ئىدىم، ئاپام دادام قويىنىدا،
ئىناق-ئىتتىپاق قېرىنداشلار مېھرىلىك بىر ئارىدا.

قاناتلانغان پۇتلىرىم ئون ئالتىلىق يېشىمدا،
چۈشلىرىمدە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ھاياجانىدا.

يىگىرمىدە كۈيئوغۇللۇق بوسۇغىدا تۇرغاندا،
تېپىرلىغان يۈرىكىم ۋەدەم ئۇرغۇپ قېنىمدا.

يىگىرمە بەشتە مانا بولۇپ ئوز پەرزەنتلىرىم،
قېيغىتىشىپ ئۆيىمىزدە، قارايتتى ھەردەم ئاغزىمغا.

ئوتتۇز ياشتا قوزىلىرىم تېز-تېز ئۆستى، چوڭ بولدى،
بىر-بىرىگە ئىچەكىشىپ، قېرىنداشلىق ئۇلغايدى.

قىرىق ياشلاردا بۈركۈتلىرىم ئۇچۇپ كەتتى ئۇۋىدىن،
يېنىمدىكى سۆيگۈنۈم ساقلاپ قالدى يىغىدىن.

ئەللىكلەردە قۇچقۇغۇم تولدى بوۋاقىا يەنە،
نەۋرىلەرگە كۆيۈپ باقتۇق ھەمراھىم بىلەن بىرگە.

قارا كۈنلەر چۈشۈپ باشقا، ئايرىلدىم جان-جېنىمدىن،
كەلگۈسىگە باقىنىمدا تىترىدىم غايىب قورقۇدىن.

پەرزەنتلىرىم ئالدىراشتى قوزىلىرى كويىدا،
مەنمۇ چۆكتىم ئۆتكەن يىللار، خاتىرىلىرىم قويىنىغا.

مانا ئەمدى مەن بىر بوۋاي، ھايات بەك رەھىمسىزكى،
قېرىلارنى دۆت كۆرسىتىش پەقەت ئۇنىڭ چاقچىقى.

تىك قامىتىڭ ئېگىلىپ، سېھرىڭ ھەم كۈچۈڭ كەتكەن،
يۈرىكىمنىڭ ئورنىغا يوغانغىنە تاش چۈشكەن.

ئەمما بۇ كونا تەندە ئۇ ياش يىگىت ھەم ياشار،
بۇ تۈگەشكەن يۈرىكىم بەزەن بەزەن جۇش ئۇرار.

خۇشاللىقلار ئېسىمدە، قايغۇلار ھەم زېھنىمدە،
مەن تەكراردىن ھاياتنى قۇچاقلاپ، سۆيگۈنۈمدە.

يىللار ئۇ قەدەر ئازكى، شىددەتلىك كېچىپ كېتەر،
قوبۇل ئەتتىم ھەرنېمە ھامان بىر كۈنى پۈتەر.

ئۇ ۋەجىدىن ئېچىڭلار كۆزۈڭلارنى قېنى،
يېقىنراق كېپ كۆرۈڭلار، كۆرۈڭلار مېنى.

2019 - يىلى 20 -سىنتەبىر

ئىنگلىزچىدىن دىلدۇز تېلمان تەرجىمىسى (ئامېرىكا)



# پارىژدىكى مۈشۈك*

هېكايە

رەنا غوپۇر (ئاۋىستىرالىيە)

8

ئۇ كېچە پارىژ پارىژ بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ سوغۇق كېچە بولدى. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ سىباستىئەن ئويغانماستىن بۇرۇن كەتمەكچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ، ئاندىن يەنە قايتىپ قەستەن بىر پاي ھالقىسىنى كىرىپسلونىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق سىباستىئەننى قايتا ئىزدەش پۇرسىتى ياراتماقچى بولغان ھىيلىگەرلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقاندا، مەن ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن ئاستا چىقىپ كەتتىم.

سوفىيە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ تېپىپ بەرگەن خالى جايدا بىر كۈن ئۇخلاپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا گۈگۈم بولۇپتۇ. سوفىيە بىلەن بولكىخانىدىن ئۇنى بۇنى سورىماي ئېلىپ يەپ قورساقنى توقلىدۇق. سوفىيە مەندىكى كۆڭۈلسىزلىكنى سەزدى. ئۇ «ساڭا بىر ئىش بوپتۇ، كۆڭۈلسىز ئىش» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى ھەم تۇنۇگۈن كەچ بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردىم. ھەسرىتىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم بولغاي سوفىيە «ۋاي بىچارە بايقۇش. دېدىمغۇ ساڭا. ئىنسانلار كۆڭۈل بېرىشكە ئەرزىمەيتتى. ئىت باقىدىغان مەخلۇقلارغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن.» دەپ كۆڭلۈمنى ياسىغان بولدى. بۇ كېچە مۈشۈ يەردە قونماقچى بولدۇم. سوفىيە تۇيۇقسىز بىر ئىشنى دەپ قالدى. پارىژنىڭ بىر يېرىدە بىر سېھىرگەر موماي بار ئىمىش. ئۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ سورىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىكەن. ئەمما ئەڭ قىممەت نەرسىسى بىلەن تېگىشىش كېرەك ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ كۆزۈم قايتىدىن يېنىپ كەتتى. دېمەك مېنىڭ ئارمىنىمغۇ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كېچە ئۇخلىماي سوفىيەگە يالۋۇرۇشنى باشلىدىم. ئۇ ئۇيقۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي مېنىڭ ئاغزىمنى يۇمۇش بەدىلىگە ماڭا مومايىنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ كېچە تاتلىق چۈش كۆرۈپتىمەن. سىباستىئەننىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭ چوڭ كارىۋىتىدا ئۇخلاۋېتىپتىمىشمەن. تاڭ سەھەردە سىباستىئەن بىلىكىمنى ئاستا سىلاپ مېنى ئويغىتىپتىمىش. توغرا بىلىكىمنى. مەن بىر ئىنسان، بىر قىز ئىكەنمەن. تامدىكى رەسىمدىكى قىز - كىلورىس.

ئەتىسى چاشكا بىلەن سىرتقا چىقىشىمىز سىباستىئەننىڭ بىزگە قاراپ كېلىشىگە توغرا كەلدى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېلىپ مېنى كۆتىرىپ باغرىغا باستى. ھەم ئۆزىنىڭ مەندىن ئەنسىرىگىنىنى، ئىككى كۈن ئىزدىگىنىنى، بۇيەردە تېپىلماي قالسام قانداق قىلىشىنى بىلمەيدىغىنىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئۇزۇن بارماقلىرىنى مېنى سىلايتتى. باشلىرىمغا سۆيەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىللىق پۇرىقىنى قانغىچە سۈمۈرۈپ راھەتتىن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇ مېنى كۆتىرىپ ئۆيگە ماڭغىنىدا كۆزۈم يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرغان سوفىيەگە چۈشتى. ئۇنىڭغا ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئەسكەرتتىم.

9

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان سىرتقا چىقالمىدىم. سوفىيەدىن ئاڭلىماقچى بولغان خەۋىرىمگە بولغان ئىنتىزارلىقىم ئىچىمنى تىت - تىت قىلاتتى.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

تېخىمۇ يامىنى ھېلىقى «ئالۋاستى» قايتىپ كەلدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇنى «ئالۋاستى» دېيىشىم توغرا ئەمەس. ئۇ بىر چىرايلىق ئىنسان. ئاپئاق تېرىسى بار، ساغۇچ بودۇرە چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار. ئۇنىڭ بويى ئېگىز ، قامەتلىك، ھالبۇكى قوپال. گەۋدىسى سىباستىئىندىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇ مېنى بىئارام قىلىدۇ. چۈنكى سىباستىئىن نەپىس ھەم نەپىس نەرسىلەرگە لايىق. قىزنىڭ قول پۇتلىرى چوڭ، بويىغا لايىق. ئايىقىغا مەن پاتىمەن.

ئەلۋەتتە قىز «چۈشۈپ قالغان» ھالقىسىنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدى. ھەم كەچكىچە كىرىپسلودا تېپىلغان ھالقىسىنى قولىدا ئويناپ ئولتۇرغاچ ئەھمىيەتسىز گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇردى. مەن يەنە كونا جايىمدا تۆمۈر مۇنارغا قارىغاچ ئىلاجسىزلىقىمنى غەزەپلىرىم بىلەن ئېلەشتۈرۈپ ئولتۇراتتىم. قاراڭغۇ قويۇقلاشتى. دېمەك ئۇ يەنە قونۇپ قالىدۇ. دېگىنىم بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە قۇچاقلاشقىنىچە ياتاق ئۆيگە مېڭىشتى. مەنمۇ ماڭدىم. شۇنداق، مەنمۇ ئەگىشىپ كىردىم ۋە كارىۋات ئايىقىغا قويۇلغان كىرىپسلوغا چىقىپ قەددىمنى تىك كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا، تېخىمۇ ئېنىقى ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردۇم.

ئۇ ئىككىسى قاراڭغۇلۇقتا تولغان ئۆيدە چاقناۋاتقان كۆزۈمدىن چىقىۋاتقان سوغۇق نۇرنى ئاخىرى ھېس قىلدى ۋە مەشغۇل بولۇۋاتقان پائالىيىتىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى. مەن بېشىمنى سەل پەل قىيپاش قىلىپ «داۋاملىق» دەپ مىياڭلىدىم. سىباستىئىن مېنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىرىۋەتتى ھەم ئىشىكنى يېپىۋالدى. مەن ئىشىكنىڭ يېنىدا ياتقاچ تىرنىقىم بىلەن ئىشىكنى تاتىلاشقا باشلىدىم. ئاستا ئەمما ئىزچىل. ئاندىن بۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ ئۆزۈم بىلىدىغان قايغۇلۇق كۈيلەردىن بىرنى ئېيتىشقا باشلىدىم. بەكمۇ قايغۇلۇق، يۈرەكنى ئېزىدىغان.

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن بىر ئالىيىۋېتىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە ماڭدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن «بىرەر نەرسىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز خان؟» دەپ سورىدىم. سىباستىئىن ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان بىر يۈز بىلەن چىقىپ كەلدى ۋە مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. مەن بولسام چىرايلىق مېڭىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياتتىم. سوفىيە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىسا ئۇنىڭ ئۆزى مېڭىپ كېلىپ قالمايدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى.

ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ مېنى كۆردى. ھەم باشلىرىنى سۈرتكەچ ماڭا قاراپ تۇردى. مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلىغان قىياپەتتە يېتىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ مېنى كارىۋاتتىن چۈشۈرىۋېتىشىنى ساقلىدىم. ئۇن، توققۇز، سەككىز، يەتتە، ئالتە، بەش، تۆت........ ئۇ مېنى چۈشۈرۈۋەتمىدى، ئەكسىنچە يېنىمدا يېتىپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرى ئۇچامنى سىلاشقا باشلىدى. مەن قاراڭغۇدا كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ كۆز ئاپتىپىدەك، سىم - سىم يامغۇرنىڭ تامچىسىدەك، سەھەردىكى شەبنەمدەك، تورت ئۈستىدىكى قايماقتەك تاتلىق كۈلۈمسىرىدىم. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ھارارەت، يېقىملىق پۇراقلار ئارىسىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى قۇياش نۇرى قېلىن دېرىزە پەردىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ مېنى ئويغاتقىنىدا، مەن ئۆزۈمنىڭ تېخىچە بۇ كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقانلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. خۇشاللىقتا سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يالاشقا باشلىدىم.

10

تۇرمۇشۇمدىن قىسمەن رازىمەن دەپ ئېيتالايمەن. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ياتاق ئۆيدە ئۇخلايمەن. ئۇنىڭ ھارارىتىنى، يېقىملىق پۇرىقىنى ھېس قىلغان ھالدا ئۇخلاپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئويغىنىپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ ياتىمەن. بەزىدە ئۇ ئويغانغۇچە يەنە ئۇخلاپ قالىمەن. بىرلا ئىشتىن ئەنسىرەشتىم بار. ئۇنلۇك ئاۋازدا خورەك تارتىپ سالارمەنمۇ؟

شۇنداق تىنچ ئارامىدا ئۆتۈۋاتقان ھاياتىم بىر كېچىدە قايتا بۇزۇلدى. بۇ كېچە ئۇ ئۆيگە قايتمىدى. مەن يېرىم كېچىگىچە ئۆينى ئايلىنىپ ئۇنى ساقلىدىم. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تاتىلاپ باقتىم. كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ باقتىم. ھاجەتخانىنىڭ قەغىزىنى چۇۋۇپ باقتىم ..... ئۇنى ساقلاپ ئەكېلەلمىدىم. كېچىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھېلىقى نەس باسقان كۆرپىچەكنىڭ ئۈستىدە مۇنارغا قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگەن تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن زالغا قارايدىغان كىچىك دېرىزىنىڭ ئىلغۇچىنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى مىڭ بىر جاپا مۇشەققەتتە ئېچىپ زالغا چۈشتۈم. سوفىيەنى ئىزدىشىم كېرەك.

سوفىيە يۈزلىرىنى يۇيۇپ تارىنىۋاتقان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئالايتتى. «سىپىنا، كىرىپستىنىڭ ھەققىدە بوگۈن كەلمىسەڭ ئۇ ئادرېسىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. مەن ياش ئەمەسمەن. گەرچە شۇنداق بولۇشقا تىرىشساممۇ. شۇڭا ماڭا بەك چوڭ ئۈمىد باغلىمىغىنىڭ ياخشىراق». ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم يوق. ئادرېسىنى سورىدىم. ئۇ «تۇرۇپ تۇر. ئادرېسىنى ئېلىپ ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن شەرتىنى بىلىۋال. ئۇ موماي بىر جادىگەرمىش. نەچچە ياشقا كىرگىنىنىمۇ بىلىدىغان ئادەم يوقمىش. بەلكىم پارىژ بىلەن تەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى سورايدىكەن. مۈشۈكتىن نېمە سورايدىكەن بىلەمسەن؟ سەككىز جاننى. شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك بىرلا جان بىلەن قالىدىكەن. ئۇ سەككىز جان ئۇنىڭ يېشىغا قوشۇلۇپ موماي بۇ ئەسىردىن يەنە بىر ئەسىرگە قوشۇلۇپ ياشاۋېرىدىكەن». بۇنىڭغا بەك ھەيران قالمىدىم. بۇنى قىياس قىلغان ئىدىم. ئەمما بىرەر ئىككى جاننى سورارمىكى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سەككىزى قانداق بولار؟؟؟

سوفىيە ياسىنىشىنى داۋاملاشتۇردى. «ئەگەر قارارىڭ ئېنىق بولسا ئېيتىپ بېرەي. بولمىسا بۇ گەپ ئوتتۇرىمىزدا دېيىلمىگەن بولسۇن» كەسكىن بىر كۆرەشتە قالدىم. مەن بۇلارنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلىگۈدەك بىر مەۋجۇدات ئەمەس. نېمىگە تايىنىپ قارار چىقىرىشىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما قارار چىقاردىم « دەپ بېرىشىڭ كېرەك» . سوفىيە يۈزىنىڭ تۈكلىرىنى تاراۋاتقان يېرىدە توختاپ قالدى، ئاندىن قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ ماڭا ئادرېسىنى دەپ بەردى. مەن يولغا چىقتىم.

تەلپىنىمگە بەكمۇ يىراق ئەمەسكەن. ئەمما قىش بولۇپ كەتكەچكە دۈگدەرەپ يۈرۈپ ئاران تېپىۋالدىم. بىر قالايمىقان ئارقا كوچىدىكى قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىغىنىمدا سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەيتتىم. قېتىپلا قالاي دېگەن قولۇمنى ئۈزىتىپ ئىشىكنى تاتىلىدىم. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئىشىك غىچىلداپ ئاستا ئېچىلدى. ئىشىكنى ئاچقىنى مەن پۈتۈن ئۈمىدىمنى باغلاپ ماڭا ياردەم قىلالايدۇ دەپ ئىزدەپ كەلگەن موماي ئىدى.

ئۇزۇن بىر كۆينەك، بېشىدا ياغلىق، نۇرى ئۆچكەن يۈزلىرىنى قورۇق باسقان دۈمچەك بىر موماي قىپقىزىل بويالغان تىرناقلىق قوللىرىنى ماڭا ئۇزىتىپ مېنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر خىل دورا پۇرىقى تارقىلاتتى. ئۇ «خۇش كەلدىڭ قوزام» دەپ ئىشىكنى يېپىپ مېنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىسىگە ماڭدى. بۇ ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ غەيرى نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن ھەم قويۇق دورا پۇرايتتى. ئۇ مېنى بىر يۇمىلاق ئۈستەلنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا قويدى. ئۆزى ئۇدۇلۇمدا ئولتۇردى. ئوتتۇرىمىزدا سۈرلۈك نۇر تارقىتىدىغان بىر ئەينەك شارچە، قەرت، بىر نەچچە تاش، قۇشنىڭ پېيى قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان ئىدى. ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ «كىلورىس، بۇ يەرنى تاپقىچە بەك قىينالمىغانسەن؟ بۇ سېنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭ بولمىغاندىن كېيىن» دېدى. مەن ئاغزىمنى يوغان ئاچقىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالدىم.

11

مومای كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

–كىلورىس، سەن مېنى بىر يىل ئىلگىرى بىر ئىزدەپ كەلگەنتىڭ. ئۇ چاغدا كېسىلىڭ ئېغىرلىشىپ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتىكەن. بىرىسىگە بەرگەن سۆزۈڭ بويىچە بىر مۈشۈك بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىشىڭغا ياردەم قىلىشىمنى سورىدىڭ. مەن ياردەم قىلدىم. سەن سەككىز جېنىڭ بىلەن نەتىجىنى تېگەشكەنىدىڭ. ئەمدى يەنە بىر ھاجەت بىلەن كەپسەن. ئەمما سەندە مەن بىلەن تېگىشكۈدەك ھېچ نېمە قالمىدى. مەن ساڭا بىكارلىق ياردەم قىلالمايمەن تاتلىقىم.

قويۇق بىر تۇماننىڭ ئىچىدە قالغاندەك بولدۇم. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى مومايىنىڭ سېھرى راستلا يامان ئىكەن. مەندە ئۇ دېگەن ئىشلار ھەققىدە ھېچقانداق ئەسلىمە قالماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۈمىد چىرىغىم شامالدا قالغان جىن چىراغدەك بىر پىلدىرلاپ ئۆچۈپ قالدى. خوشلىشىپ يېنىپ چىقتىم.

كوچىغا قايتتىم. سوفىيا بىرنەچچە مۈشۈك بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتىكەن. يىراقتىن مېنى كۆرۈپ قولىنى پۇلاڭشىتتى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ قويۇپ كەينىمگە ياندىم. ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان يۈزۈمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىم يوق. ئۆيگە قايتىپ چىققان دېرىزەمدىن كىرىپ كۆرپىچەككە چىقىپ ياتتىم.

سىباستىئىن چۈشتىن كېيىن بىلەن پەيدا بولدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئادىتىم بويىچە ئۇنى ئىشىك ئالدىدا كۈتىۋالمىغان مېنى كۆرپىچەك ئۈستىدە بايقاپ يېنىمغا كەلدى ۋە قولىنى بېشىمغا ئۇزاتتى. مەن چاققانلىق بىلەن بېشىمنى تارتتىم. دۈمبەمگە ئۇزىتىۋېدى، ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ قالدىم. ئۇ بۇنى قانداق چۈشەندى بىلمىدىم. مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. ياخشى بولدى. مەن پۇراققا سەزگۈر ، ئۇ غەلىتە پۇراپ قاپتۇ.

تۇرمۇشىمىز داۋاملىشىۋەردى. ئۇ ئىشلەيدۇ. مەن قالىمەن. ئۇ قايتىپ كېلىدۇ. تاماق يەيمىز. ئۇخلايمىز. بەزى كېچىلىرى ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. مەن مۇنارغا قاراپ ياتىمەن........

بىرلا يېڭىلىق بار. ئۇ بولسىمۇ تامدىكى قىزنىڭ رەسىمىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ تونۇش ھەم ناتونۇش. بەختلىك ھەم بەختسىز. ھايات ھەم ئۆلۈك.

سوفىيا بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىمدا ئۇ:

– سورىمىساممۇ ئارزۇيۇڭنىڭ ئىشقا ئاشمىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، – دەپ سۆز باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا مومايىنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:

– بىلەتتىم مۇشۇنداقلىقىنى. زادى بىر قىلىقلىرىڭ بىزگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما شۇنچە يولنى بېسىپ بارغاندىكىن نېمىشقا قانداق قىلساڭ بولىدىغىنىنى سورىۋالدىم ؟ – دېدى .

–دېدىغۇ شۇ ، تېگىشىدىغان نەرسە بولمىسا ئامال يوق دەپ. بولدىلا، باشقا گەپ بولسا قىلىشايلىچۇ ، – دېدىم. ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۈچۈن قانداقلا بولسا ئوخشاش بولغاچقا ماقۇل بولدۇم.

12

يامغۇرلۇق بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن. سىباستىئىن بىلەن مەن كىرىپسلودا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتاتتۇق. ئۇ كىنو كۆرۈۋاتقان. مەن ئۇنىڭ يېنىدا

ئۇخلاۋاتقان، ئۇنىڭ قولى مېنىڭ دۈمبەمنى سىلاۋاتقان ئىدى.

–كىلورىس، – دېدى ئۇ. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ماڭا قاراۋېتىپتۇ ئەمما تامدىكى رەسىمدىكى ماڭا.

– بۈگۈن سېنى يوقىتىپ قويغىنىمغا 400 كۈن بولدى. يۈز كۈندىن تۆتى بولدى. ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ساڭا بەرگەن ۋەدەم بويىچە بۇ مۈشۈكنى بېقىۋالدىم ھەم ئىسمىنى كىلورىس دەپ قويدۇم. ئاندىن بۇرۇنقىدەك تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم. بۇ ئاسان ئەمەسكەن. ھەربىر قىزنى سەن بىلەن سېلىشتۇرىمەن. دېيىشكەن سۆزلىرىمىزنى خۇددى كىتاب ئوقۇغاندەك قايتا- قايتا ئوقۇپ چىقىمەن. ھەتتا ..... سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىپ سالىمەن. يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن سەن يوق ھاياتقا كۆنۈپ قالارمەن؟ قاچان چۈشلىرىمگە كىرمەس بولىسەن؟ - ئۇ بۇلارنى دەۋاتقاندا مەن كۆزۈمنى ئېچىپ يېتىپ ئاڭلاپ ياتتىم. قۇربىتىم يەتسە ئۇنىڭ بېشىدىن قۇچاقلاپ چاچلىرىدىن سۆيگۈم بار. ئەمما بۇ ھاياتىمدا بۇ ماڭا نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

–كىلورىس، مەن باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. بەلكىم بۇنىڭ ئاز - پاز ياردىمى بولۇپ قالار. ۋاقتى كەلگەندە مۈشۈكنى ھەم بۇ رەسىمىڭنى ئېلىپ كەتمەيمەن.

نېمە ؟ كېتىمەن؟ مېنى تاشلاپ قويۇپ؟ بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈردۈم. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىم كېرەك.

ئەتىسى بىر ئامال قىلىپ سوفىيانى ئىزدەپ باردىم. ھەم ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ مەن بىلەن بىللە مومايىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ماقۇل بولدى.

ئىككىمىز مومايىنىڭ ھېلىقى ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ ئۆيىدىكى يۇمىلاق ئۈستەلدە ئولتۇرغىنىمىزدا سىباستىئىن كۆچۈپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى باشلاپ بولغانىدى. موماي سوفىياغا قارىۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى:

–تېگىشكۈدەك بىر نەرسە بولغىنىدا ساڭا ياردەم قىلىشنى خالايمەن. مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇممۇ شۇنىڭ ئۈچۈن. ئەمما قايتا ئىنسانلىققا قايتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭگە ياردىمىم تېگەر.

– ياق. ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكۈم يوق. ئۇنىڭغا ئېرىشكىم بار، – دېدىم.

– ئەگەر كىلورىسنى ئادەمگە ئايلاندۇرالمىساق، سىباستىئىننى مۈشۈككە ئايلاندۇرالامدۇق؟– سوفىيا سۆز قىستۇردى. موماي ئىككىمىز ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇق.

–كىلورىس مۈشۈك پېتى قېلىۋەرسە، سىباستىئىن مۈشۈككە ئايلانسىچۇ؟ ئۇلار بىللە بولالايدىغۇ؟

–مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ھەققىنى قانداق تۆلىمەكچىسىلەر ؟

سوفىيا ماڭا قارىدى. مەن ھەربىر تال مويىمدىن ئۈمىدسىزلىك، ئىلاجسىزلىق، يېلىنىش تەپچىرەپ چىقىۋاتقان بىر بىچارە ھالدا ئىدىم.

–سىلەر ئىنسانلار بەكمۇ غەيرى مەخلۇقلار ئىكەنسىلەر. تاشقى قىياپىتىڭلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوخشاشلا بىر جانلىقمۇ ئۇ ئەركىشى دېگىنىڭ . روھى دەپ تۇرىۋېلىشلىرىڭ قىزىق تە. نېمە ئۇ روھ دېگەن؟ قانداق شەكىلدە، قانداق رەڭدە، قانداق تەمدە؟ نېمىگە پايدىسى بار؟ ساڭا يولۇققىنىم ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ تەلەيسىزلىكىم ئوخشايدۇ. مەن سەككىز جېنىم بىلەن ئۇ چىرايلىقىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا تۇتقۇزاي.

–ياق سوفىيا، بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن. سېنى بۇنداق قىلسۇن دەپمۇ ئۈمىد كۈتمىگەنىدىم. بۇ مېنىڭ ئىشىم. ئۆزۈم ھەل قىلاي.

–بولدىلا. قانداق ھەل قىلىسەن؟ كۈندە ئۆلۈكتەك ياشاپمۇ؟ قېنى مەن بىر كۆرەي بۇ مۇھەببەت دېگىنىڭلارنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى. ئەمما ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالىدىغان بولسا...

خۇشاللىقتا سوفىياغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. موماي كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ چىقىپ سېھىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. (ئۆگىنىۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈن تەپسىلاتى بېرىلمەيدۇ)

سوفىيا بولىكا دۇكىنىغا، مەن ئۆيگە قايتتىم. سىباستىئىن نەرسىلىرىنى يېشىككە قاچىلاۋېتىپتىكەن. مېنى كۆرۈپ:

–كىلورىس، بەك تولا يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭ. مەن ماڭغىچە سەن بىلەن ئۇزاقراق بىللە بولىۋالغىم بار ئىدى، –دېدى.

–كىم بىلىدۇ مەڭگۈ تۇرۇپ قالامسەن تېخى، –دەپ مىياڭلىدىم.

13

ئاخىرقى نەچچە كۈن سىباستىئىننى قانغۇچە پۇرىۋالدىم. ئەگەر بىركۈنى ئۇ مۈشۈك قىياپىتىدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولسا پۇراپ بولسىمۇ تونۇۋېلىشىم كېرەكتە. ئۇنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتتى. ھېلىقى رەسىمنى رامكىدىن چىقىرىپ بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتتى. بىر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن سىباستىئىن مېنى كۆتۈرۈپ بۇرۇنقى ئورنۇمغا ئەكېلىپ قويدى. يولدا ئۇ مېنى قوينىغا سېلىۋالدى ھەم بىر دەم بىردەم بېشىمغا سۆيۈپ قوياتتى. مەنمۇ تۇمشۇقۇمنى ئۇنىڭ ئېڭىكىگە، يۈزىگە تەگكۈزۈپ قوياتتىم. ئۇ مېنى قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا قويۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كەتكىنىدە سوفىيا يېنىمدا ئىدى. سىباستىئىننىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغىنىمدا سوفىيا:

–يىغلىما جۇمۇ، چۈنكى مەن ئايرىلىش قايغۇسىدىكى ئادەمگە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەيمەن، – دېدى. مەن يىغلىمىدىم. چۈنكى ئۇ قايتىپ كېلىدۇ.

تۇرمۇش ئۆز رىتىمىغا چۈشتى. مەن قايغۇ ئىچىدە غەيرى نورمال تۇرمۇش كەچۈرمەن. ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىم ھەم ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بولغان ئەندىشەم نەپەسلىرىمگىچە سىڭىپ كەتتى. سوفىيا مەندىن ھېچنېمە سورىمىدى. ئۇنىڭمۇ بۇخىل ھالەتنى بۇزغۇسى كەلمىدى بولغاي.

بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن، تۆت كۈن ...... مەن بىلىدىغان سانلار دائىرىسىدە ساناقنى ساناپ بولدۇم. ئۇ يوق.

سوفىيا ئىككىمىز مومايىنىڭ بىزنى ئالداپ قويغىنىغا پۈتۈنلەي ئىشەنگەن كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە، جېدەلخور لېئو بىر ناتونۇش مۈشۈكنى باشلاپ يېنىمىزغا كېلىپ قالدى:

–بۇ يېڭى كەلگەن مۈشۈك ئىكەن. ئىسمى كولبى، – دېدى. سوفىيا ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە قارىۋەتتۇق. مەن ئاستا مېڭىپ كولبىنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغاچ ئۇنىڭغا ياخشى سەپ سالدىم. ئاندىن ئۇنى ئاستا پۇراپ باقتىم. بۇرۇنۇمغا ئىشەنمەي يەنە پۇرىدىم. سەزگۈرلۈمنىڭ مېنى ئالدىمىغىنىغا جەزىم قىلغاندىن كېيىن سوفىياغا مەنىلىك قاراپ قويدۇم– دە، مەغرۇر ھالدا كولبىغا بۇرۇلۇپ:

–ئىسمىڭنى ياقتۇرمىدىم. سىباستىئىن دەپ ئۆزگەرتەيلى، – دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ:

–خالىغىنىڭ بولسۇن، – دەپ كۆزىنى قىستى.

تۈگىدى





# قىز قەلئەسىدە ئىككى ئەترگۈل

مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە)

دوستۇم بىلەن ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا بۆلۈكىگە جايلاشقان قىسمىغا ئۆتۈشنى تۇيۇقسىز قارار قىلىپ قالدۇق، ئىككىلىمىز قارارسىز ئىدۇق، مەقسىتىمىز پەقەت ئۆزىمىز تولا ئاڭلاپ كەتكەن، ئەمما ئاڭلاشقا خۇشتار قۇرۇق پاراڭلارنى قىلغاچ، يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىدىن بىرى ئۆتكەن مەنىسىز، زېرىكىشلىك كۈنلىرىمىزدىن بىرپەس بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئىدى. مەنزىلسىز ئىككىمىز قەيەرگە بېرىش ھەققىدە تالىشىپ قالدۇق، مېنىڭ ئايىغىم بىزنى ئادەملەر سەلدەك ئاقىدىغان، مەقسەتسىز ئارىلايدىغان كىشىلەرگە تولۇپ كەتكەن تاكسىمغا سۆرەيتتى، دوستۇم بولسا پاراخوتقا چىقىپ، ئىككى قىتئەدىن ھالقىپ ئۆتكەن تۇيغۇغا، شۇنداقلا دېڭىزنىڭ لەرزان شامىلىنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلغان ھەمدە دېڭىز قۇشلىرىنىڭ پاراخوت ئارقىسىدىن لەگلەك قوغلىغان باللاردەك قوغلىغاندەك ئۇچۇۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىگە ئامراق ئىدى. راستىنى دېسەم، ئىچىمدىن كەلگەن كىچىككىنە ھاكاۋۇرلۇق تۇيغۇسى تۈپەيلى كۆڭلۈمدىكىنى دوستۇمغا دېمىگەن بىلەن مەنمۇ دېڭىزنى سۆيەتتىم، دېڭىزنىڭ پايانسىز چەكلىرىگە، كىشىگە ئەركىنلىك، ئازادلىق ، ئارامبەخش بېغىشلايدىغان ئاشۇ ھېسلىرىغا ئامراقتىم، دېڭىزغا سەكرەپ كىرگەن چاغلىرىمدا كۆزلىرىمگە، ئېغىزىمغا كىرىپ كېتىدىغان تۇزلۇق سۇلىرىنىڭ ئاچچىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېڭىزدىن پەخىرلىنەتتىم، دېڭىزنى سۆيەتتىم، دېڭىزنى سېغىناتتىم، شۇڭلاشقا يالغاندىن تاكسىمغا تارتىشقان بولۇپ، دوستۇمنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىپ ئەمىنئۆنۈ پورتىغا كەلدۇق ۋە بۇيەردىن قىسقا مۇساپىلىك يولۇچىلار پاراخوتىغا چىقىپ، ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا تەرىپىدىكى دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان ئۈسكۈدار پورتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

«ئىككى قىتئەنىڭ ئارىلىقى ئاران 12 مىنۇتلۇق يول،- دېدى دوستۇم چايكىلارنىڭ چىرقىراشلىرى، سۇلارنىڭ پاراخوت ماتورىغا ئۇرۇلۇپ چىقىرىلغان شاۋقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈۋاتقان پاراخوتقا يەرلىشىپ بولۇپ،-ئالدىنقى قېتىم سائەتكە قاراپ ماڭغان». مەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. دوستۇم بىلەن تونۇشقىلى مانا 17 يىلدىن ئاشتى، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، نۇرغۇن جايلارنى كەزدىم، ئەمما بىز ھېلىھەم دوست، بىز كۆرۈشكەن جايلار، پاراڭلاشقان تېمىلىرىمىز، يېگەن تاماقلىرىمىز ساناقسىز، بىر ناھىيەدىن ئوخشىمىغان شەھەرگە، ئوخشىمىغان ئۆلكىگە بۆلۈنۈپ كەتتۇق، ئىستانبۇلدا تېپىشتۇق، تەكلىماكاننىڭ گىرۋەكلىرىدىن ئاناتولىيەگە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇچراشقان دوستلار بولغانكىن بىز ناھايىتى بەختلىكتۇق، تەلەيلىكتۇق. مەنغۇ ئۇنىڭ يېنىمدا بولغىنىغا خۇش، مەنچە ئۇمۇ مەندىن خۇش. بىلمەيمەن، ئۇ كۆڭلىدە قانداق ئويلاۋاتىدىكىن؟

ئەلقىسسە، بۇرۇنقىدەك تاغدىن-باغدىن، ئەمما راھەت پاراڭلىشىپ قىز قەلئەسىنى چۆرىدىگەن دېڭىز ياقىسى قېشىغا كەلدۇق. قىز قەلئەسى ئەنە كۆزۈمنىڭ ئالدىدىلا. قىز قەلئەسى دەپ ئەينى چاغ تۈركىيە چۈشىنى كۆرۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا تۈركچە شېئىرلاردىن،

ناخشىلاردىن تولا ئاڭلايتتىم ، تېئومانىنىڭ «ئىستانبۇلدا كۆز» ناملىق مۇڭلۇق ناخشىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىز قەلئەسى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە، بەزىلىرى قەلئەنى يۇنانغا باغلانسا، بەزىلىرى ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسىگە باغلايتتى ، مەن بولسام ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ئائىت قىسسىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتىم، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوسمانلى زامانىدا ئىستانبۇلنى مۇھاسىرىگە ئالماق ئۈچۈن كەلگەن باتتال غازى ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي، قىز قەلئەسىنىڭ ئالدىدىكى قىرغاققا قارارگاھ قۇرىدىكەن ھەمدە يەتتە يىل شۇ جايدا قالىدىكەن. ھېكايىلەرگە كۆرە باتتال غازىنىڭ بۇ قەدەر ئۇزۇن سورە بۇ يەردە قېلىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى ئۇسكۇدار بېگىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغانلىقتىن ئىكەن. باتتال غازىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان ئۇسكۇدار بېگى قىزىنى غەزىنىدىكى بارلىق بايلىقلىرى بىلەن بىر قەلئەگە يوشۇرۇپ قويىدىكەن. ئەمما قىزغا ئاشىق بولغان بەگ مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى كېچىپ، ئاخىرى ئۆزى چاپقان قېيىققا ئولتۇرۇپ، قەلئەگە ئۈزۈپ بارىدىكەن ھەمدە قىزنىڭ كۆڭلىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، قىزنى ئېتىغا مىندۈرۈپ ئۇسكۇداردىن كېتىدىكەن...

ئەلقىسسە، ھېكايىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتساق. شۇ تاپتا بولسا شۇ قىز قەلئەسى ماڭا شېئىردىي تۇيغۇلارنى سۇنۇپ كۆز ئالدىمدا تۇرماقتا ئىدى. ئىككى تال ئەتىرگۈل كۆتۈرۈۋالغان بىر تۈرك قىزنىڭ بەختكە چۆمۈلگەن چىرايى، شۇ بەختلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كۈلۈۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆزۈمنىڭ بىر زامانلاردا «شائىر» بولغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى بېسىپ چىقىمەن دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىپ يۈرگەن ئىدىم، ھەتتا قاملاشمىسىمۇ شېئىر يېزىپ باقتىم، شۇنچە شېئىرلارنى يازدىم، ئويلاپ باقسام ئەتىرگۈل ھەققىدە شېئىر يېزىپ باقماپتىمەن. دوستۇمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ، ئۆلۈپ كەتكەن شېئىردىي تۇيغۇلىرىمدىن ئەتىرگۈلنىڭ مەندىكى شېئىردىي مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىم، ئەپسۇسكى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەمما خاتىرەمنىڭ كىچىككىنە روجەكلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەسلىمەمگە كۆرە، كىچىك ئاكام بىلەن بىر يامغۇر ئارىلاش قار ياغقان ئىنتايىن سوغۇق بىر كۈندە، ئاشىق-مەشۇقلار ئۈچۈن ئەتىرگۈلنى كىچىككىنە بىر سولياۋ چېلەككە تاشلاپ، كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ سېتىپ باققان ئىدىم. شۇ سوغۇق كۈندە غال-غال تىترەپ، سۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاياغلىرىمدا يېنىدا سۆيگۈنى بار يىگىتلەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، تارتىنىپراق « گۈل ئالامسىز؟» دەپ سوراپ يۈرۈپ خېلى پۇل تاپقان ئىدۇق. ئەلۋەتتە، ئۇ ۋاقىتتا مەن ساتقان ئەتىرگۈللەرنىڭ بەرگى ئۇ قىزنىڭكىدەك قىزىل ئەمەس ئىدى، پەقەت بىزنىڭ گۈلىمىزنى سۆيگۈنىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان قىزلارنىڭ چىرايى بۇ قىزنىڭكىگە ھېچ ئوخشىمايتتى . بىرلىرى تارىمنىڭ قىزلىرى ئىدى، بىرلىرى بولسا ئاناتولىيەلىكلەر، يەنە كېلىپ بىزدىن چىقىپ، بىزدىن ياخشى كۈن كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ قىزلىرى ئىدى. مەنچە بولغاندا ئەتىرگۈل بىز تاپاۋەت يولى ئىدى. شۇ خىيالنى قىلىپ تۇرغىنىمدا، مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئەتىرگۈل سېتىۋاتقان سىگان ئايالغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

دوستۇم ھەدەپ كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىكى ھېكايىلەرنى ئېيتاتتى. دوستۇمنىڭ ھېكايىلىرىگە تەڭكەش قىلىپ بىر قانچە ئىشلارنى ئەسلىشىپ بەرگەندىن كېيىن، بايىقى قىزنىڭ قولىدىكى ئەتىرگۈلگە يەنە دىققەت قىلىپ قالدىم. كەچكى شەپەقنىڭ نۇرلىرىنىڭ تەسىرىدىن، قىزنىڭ شۇ تاپتىكى بەخت تۇيغۇسىغا سەۋەب بولۇۋاتقان بۇ ئىككى تال گۈل تېخىمۇ قىزىرىپ، تېخىمۇ جۇلالىنىپ تۇراتتى. شۇ قىزىللىقتا مەپتۇن بولۇپ، نۇرغۇن قىزىللىقلارنى ئويۇمدىن كەچۈرۈپمۇ ئۈلگۈردۈم، دۆلىتىمىزنى بېسىۋالغانلارنىڭ بايرىقىنىڭ ئانا رەڭگىمۇ قىزىل ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىۋەتكەن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بايرىقىمۇ قىزىل ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت زامانىمىزدا كۈرەش قىلغان شەھىد جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئوق تېشىپ ئۆتكەن مەيدىلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قانلارمۇ قىزىل ئىدى، باشلانغۇچنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىدا مەغرۇرلۇق بىلەن تاقىغان پىيونېرلىق گالىستۇكۇمنىڭ رەڭگىمۇ قىزىل ئىدى، تۇنجى قەلەم ھەققىمگە ئالغان ئاياقمۇ قىزىل رەڭدە ئىدى. ھە توغرا، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ مېنىڭ 100 نومۇر ئېلىش پىلانىمنى ۋەيران قىلغان قەلىمىنىڭ سىياھىمۇ قىزىل رەڭدە ئىدى.

ئۆزۈمنىڭ ھەسرەتلىك ئويلارغا تولغان چىرايىمنى دوستۇمنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن يىراق ئۇپۇققا قارىدىم، دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆكۈۋاتقان ئاۋۇ قۇياشنىڭ رەڭگىمۇ قىزىلغا ئايلىنىپتۇ، شۇ تاپتا، ئەتراپىمدا قۇياش ۋە ئاۋۇ قىزنىڭ قولىدىكى ئىككى تال ئەتىرگۈلدىن باشقا قىزىللىقنى تاپالمىدىم. مەن قىزىل رەڭدىن قورقاتتىم، چۈنكى قىزىل رەڭ ماڭا باشقىلاردىن تاياق يەپ كېتىپ، بۇرۇنۇمدىن ئېقىۋاتقان قانلىرىمنى، مەن تۇجۇپىلەپ باققان توخۇ، كەپتەر، ئۆردەك دېگەندەك ھايۋانلىرىمنىڭ مەندىن خەۋەرسىز قۇربانلىق قىلىۋېتىلگەنلىكىنى خەۋەر تاپقاندا كۆرگەن قانلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئىشقىلىپ، ھازىر قىزىل رەڭگە ئۆچ بولۇپ قاپتىمەن، ئەمما نېمىشقا بۇ گۈلنىڭ قىزىل رەڭگىگە مەپتۇن بولۇپ قالدىم.

دوستۇم بىر زامانلاردا بىر قىزچاقنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى باشقا ئوغۇلدىن كۈنلەپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۈرەشتە مەغلۇپ بولغانىدى. «كاشكى، بىرەر تال ئەتىرگۈلنى سوۋغا قىلغان بولساڭ...» دېيىشىنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردۈم. چۈنكى، قىزنىڭ قولىدا ئىككى تال چوغدەك قىزىل ئەتىرگۈل بار ئىدى...

2014 - يىلى 23 - مارت، ئىستانبۇل




# 2020 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى لۇيىس گىلۇك Louise Gluck ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى

لۇيىس گىلۇك «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇسۇرسىز،گۈزەل شېئىرىي ئاۋازى بىلەن يەككە ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلىگەنلىكى» ئۈچۈن 2020 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لۇيىس گىلۇك كىم؟

ئامېرىكىلىق شائىرە، يازغۇچى، پىروفېسسور لۇيىس گىلۇك 1943 -يىلى 4 - ئاينىڭ 22 -كۈنى نيۇيوركتا تۇغۇلغان. ھازىر يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پىروفېسسورى. ماساچۇسېتس ئىشتاتىنىڭ كامبرىدج شەھرىدە ياشايدۇ.

گىلۇكنى نۇرغۇن كىشىلەر «ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ھازىرقى زامان شائىرى» دەپ، قارايدۇ. گىلۇك شېئىرىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، سەزگۈرلۈكى شۇنداقلا شېئىرلىرىدىكى تەنھالىق، ئائىلە مۇناسىۋىتى، ئايرىلىش ۋە ئۆلۈمگە بولغان تونۇشى بىلەن تونۇلغان. شائىر روبېرت خاس Robert Has ئۇنىڭغا «ھازىرقى ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ ئىقتىدارلىق لىرىك شائىرلارنىڭ بىرى» دەپ باھا بەرگەن. 2020 -يىلى ئۇ «كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇسۇرسىز، گۈزەل شېئىرىي ئاۋازى بىلەن يەككە ئىنسانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىگەنلىكى» ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئىقرارچىلىق شېئىرىيىتىگە تەۋە بولسىمۇ بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن. گىلۇك شېئىرلىرىدا ئاساسلىقى ھايات، ئۆلۈم، بەختسىزلىك ۋە مۇھەببەت باش تېما قىلىنغان بولۇپ بالىلىق دەۋر ۋە ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر پىسخىكىلىق تەپەككۇرلار ئارقىلىق يورۇتۇلغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 12 پارچە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. مەسىلەن، «تۇنجى بالا» (1968)، «مارشلاندتىكى ئۆي» (1975)، «باغچە» (1976) «تۆۋەنلەۋاتقان شەكىل» (1980) «ئاچىللىسنىڭ غەلىبىسى»(1985)، «ئارارات» (1990)، «ياۋا پىچەككۈل» (1992)، «يەتتە ئەسىر» (2001)، «ئاۋېرنو»(2006)، «سەھرادىكى ھايات» (2009)، «1962 - 2012- يىللىرىدىكى شېئىرلار» (2012)، «سادىق ۋە پەزىلەتلىك كېچە»(2014) قاتارلىقلار بار.

لۇيىس گىلۇكنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا كۆپ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن شائىرە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە بەك تونۇش ئەمەس. بۇ قېتىم بۇ بوشلۇقنى نەزەردە تۇتۇپ چامىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ بىر قانچە شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم. تىل قابىلىيىتىمدىكى يېتەرسىزلىك ۋە تەجرىبىسىزلىكىم تۈپەيلى شائىرەنىڭ شېئىر يېزىش ماھارىتىدىكى ئالاھىدىلىك، پىكىرلىرىدىكى چوڭقۇرلۇق، ئۆزگىچىلىكىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولسام ئەپۇ سورايمەن.

# شېئىرلار

## تېلېسكوپ

قىسقا بىر دەقىقىدىن كېيىن
باشقا ياققا قارايسەن،
قەيەردىلىكىڭنى ئۇنتۇيسەن،
پەقەت ئۆزۈڭنى
كېچە ئاسمىنىنىڭ جىمجىت باغرىدا سېزىسەن.

بۇ دۇنيانى تۈگەتسەڭ
باشقا بىر جايدا -
كىشىلىك ھايات
ھېچنېمە بىلدۈرمەيدىغان جايدا ياشايسەن.

سەن تېنىڭدىكى مەخلۇق ئەمەس.
يۇلتۇزلارنىڭ يارقىنىدەك مەۋجۇدسەن.
يۇلتۇزلارنىڭ سۈكۈناتىنى، كەڭلىكىنى ھەمبەھىرلەيسەن.

بۇ دۇنياغا قايتقىنىڭدا،
سالقىن بىر كېچىدە، تاغ باغرىغا
بىر تېلېسكوپ ئورنىتىسەن.
ئاندىن
يالغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە باققاندا
سەن كۆرگەن مەنزىرىنىڭ ساختا ئەمەسلىكىنى
تېخىمۇ بەكرەك ھېس قىلىسەن.
شۇنىمۇ چوڭقۇر بىلىسەنكى
نەرسىلەرنىڭ ئارىلىقىدا
قانچىلىك يىراقلىقنىڭ بارلىقىنى.

## كېچە يۇلتۇزى

ئۇزاقتىن بۇيان تۇنجى رەت بۇ ئاخشام،
زېمىنىنىڭ گۈزەل ھەيۋىتىدىن
ۋەھىي ئالدىم.

كېچە ئاسمىنى شۇنداق ئويلايدۇ:
يۇلتۇز شۇنچە چاقنار،
زېمىن قاراڭغۇلاشقانچە.

نۇر، ئۆلۈمنىڭ نۇرى
زېمىنغا قايتىدىغاندەك قىلاتتى
يەر يۈزى تۈم قاراڭغۇ بولالمىغانچە.

تەسەللىنىڭ كۈچى ئاشىدۇ،
پەقەت مەن نامىنى بىلىدىغان
يۇلتۇزدىن باشقىسى كۆرۈنمىگەنچە.

ۋېنېرا،
كېچىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى،
مەن ئىلگىرىكى ھاياتىمدا
ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنتىم.

مەن بوشلۇقتىن ئالغان ۋەھىينى،
ساڭا بېغىشلايمەن.

سېنىڭ نۇرۇڭدا،
مېنىڭ خىياللىرىم
تېخىمۇ يورۇيدۇ.

## يامغۇرلۇق سەھەر

بۇ دۇنيانى سۆيمەيسەن.
سۆيسەڭ، شېئىرلىرىڭدا يازاتتىڭ.

جون دۇنيانى سۆيگۈچى،
جوننىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار:
«باشقىلارغا ھۆكۈم قىلمىساڭلا، ھۆكۈم قىلىنمايسەن».
ئۇنىڭ بۇ ھېكمىتىدە،
بىر ئادەمنىڭ رەت قىلىشنى سۆيمىكى،
رەت قىلىشنى بىلىشى
ئىنكار قىلىنغان.
سۆزلەشنى رەت قىلىش،
بىلىشنى چەكلەش مۇمكىنسىزدۇر.
باق جونغا! تېشىدىكى دۇنياسىدا،
بوگۈنكىدەك بەختسىز كۈنلەردىمۇ يوگۇرۇشىگە ھەتتا.

ئۆزۈڭنى پاكىز، قۇرۇق تۇت،
خۇددى ئۆلگەن قۇشلارنى ئوۋلايدىغان
مۈشۈكنىڭ ھەۋىسىدەك
ئېچىنىشلىق قىزىقىشىڭدىن.
كۈز، يوقىتىش، زۇلمەت، ۋە باشقىلىرى
نەپسىڭدىكى روھىيەت تېمىلىرىغا نەقەدەر ئۇيغۇن.

كۆزلىرىمىزنى يۇمغانچە
ھەممىمىز ھەسرەتلىرىمىزنى يازالايمىز.
باشقىلارغا ئۆزۈڭنى كۆپرەك ئاشكارىلا.
قەلبلەرگە پىنھان ئىشتىياقىڭنى جاكارلا.

## سادا

مەن بىر جىنايەتچىگە ئايلاندىم
سېنى سۆيۈپ قالغاندىن كېيىن.
ئۇندىن بۇرۇن بىر تەنناز ئىدىم.

سەن بىلەن چىكاكوغا بارغۇم يوق.
سەن بىلەن توي قىلىپ، ئايالىڭنى قىينىسام،
ئايالىڭنىڭ ھاياتىنى ھەسرەتلىك دىرامىملارغا تولدۇرسام.

بۇ ئېسىل ئادەمنىڭ ئۆيىمۇ؟
جاسارىتىمگە قايىلمەن!

قاراڭغۇ ئايۋىنىڭنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ
ھەممىنى ئېنىق بىلدىم:
ئەگەر ئايالىڭ كېتىشىڭگە ئۈنىمىسا،
ئېنىقكى، ئۇ سېنى سۆيمەيدۇ.
سېنى سۆيسە ئىدى،
بەختىڭنى تىلەر ئىدى.

ئەگەر ئىلگىرى ئۈنچە ھېسسىياتچان بولمىغان بولسام
تېخىمۇ ياخشى ئادەم بولالايتتىم، دەپ ئويلايمەن.
ئۇ چاغلاردا سەككىز قەدەھ كۆتۈرەلەيدىغان
ئاجايىپ نازىنىن ئىدىم.

ساڭا چۈشلىرىمنى كۆپ ئۆرۈپ بەرگەن ئىدىم.
كېچە چۈشۈمدە:
بىر ئايال قاپقاراڭغۇ ئاپتوبۇستا ئولتۇرغۇدەك،
ھەم يىغلاۋاتقۇدەك،
بىر قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىۋاتقۇدەك،
يەنە بىر قولى بىلەن
بوۋاقلارغا تولغان بىر يەشىكنى سىلاۋاتقۇدەك.
ئاپتوبۇس يىراقلارغا كېتىۋاتقۇدەك.

بىراق بۇ ئايال چۈشتىن ئويغىنالمايتتى.

## شېئىر

ئۇ يېزىق ئۈستىلىدىن سەھەردە،
مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى ئاستا كۆتۈرگەندە
كۆز ئالدىدا قىزىل گۈل كۆتۈرگەن
بىر ئايال بولىدۇ ئايان،
ئەينەكتە ئايالنىڭ چېھرىگە پۈتۈلگەن

ئەتىرگۈل غولىنىڭ يېشىل ئۈنلىرى بايان.
سۈزۈك پەنجىرىلەر ئېچىلار ھامان
تاكى تومۇرلار كۆپۈپ،
قەلەمنىڭ سىياھى پۈتكەنگە تامان.
بۇ ئازابلىنىشنىڭ بىر خىل جەريانى.
ئەمدى ئۇلارنى قانداق تۇتۇشنى،
كۈلرەڭ ئۆيگە قانداق سولاشنى،
يۈرمەكتىدۇر ئويلاپ ھەر زامان.
بۇ باھاردۇر،
يۇمران ئاق چېچەكلەرگە تولغان نەشپۈت دەرىخىدۇر.
شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا چوقۇم كىرىدۇ.

## قار ئۇچقۇنلىرى

بىلەمسەن؟ مەن نېمە، قانداق ياشىدىم؟
بىلەمسەن ئۈمىدسىزلىكنى؟
زېمىستاننىڭ ھەم مەنىسىنى؟

كۈتمىگەن ئىدىم ھايات قېلىشنى،
تۇپراق باسماقتا مېنى.
كۈتمىگەن ئىدىم شۇنداقلا يەنە،
ئويغىنىپ ،ھېس قىلماقنى.
نەم تۇپراقتىكى تېنىمنىڭ،
جاۋاب قايتۇرۇپ، ئەسكە ئېلىشىنى.
ئۈزۈندىن كېيىن باش باھاردا،
بىر سوغۇق نۇرنىڭ چېچىلىشىنى.

قورقمەن شۇنداق، خۇشاللىقىڭلارغا جور بولۇپ.
يىغلايمەن شۇنداق، خاتىرەڭلارغا جور بولۇپ.

يېڭى دۇنيانىڭ پىشمىغان شامىلىدا.

شۋېتچىدىن راھىلە كامال تەرجىمىسى (شۋېتسىيە)

# تارىم قىزى*

زەينۇرە ئىيسا (تۈركىيە)

ۋولقان دېمەك ئۇ ئېتىلغاننى،
تارىم قىزى يۈرەك ئاھىدۇر.
لەختە-لەختە ئۈنىڭ جىگىرى،
گۈل بەرگىدىن چۈشكەن لالىدۇر.

چاقماق دېمەك ئۇ چېقىلغاننى،
ئاشۇ قىزنىڭ غەزەپ قەھرىدۇر.
گۈلدۈرماما بولۇپ ئاڭلانغان،
ياۋغا قارشى تارتقان نەرىدۇر.

1986 - يىلى، ئىستانبۇل

* شائىرەنىڭ «تارىم قىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى.

# شېئىرلار

راھىلە كامال (شۆبىتسىيە)

## توي باغىقى

قاناتلىرى ئاپئاق بەك ئاپئاق،
بىر قۇش كەلسە ئۇچۇپ بۇ ياققا،
تىترەپ كېتەر جىمى نازۇكلۇق،
يۈرىكىمنى يېقىپ بىر ئوتقا.

تويىنىڭ چۈشى قۇشنىڭ پەرۋازى،
قۇش سىياقتا توي باغىقى ھەم.
بارغاق دەسلەپ تىترەڭگۈ كۆكرەك،
ئۇلۇغ قىزغا ئايلىنار بۇ دەم.

قىز قۇش دېمەك، قۇش ئۆزى بىر قىز،
خىيال قىزدۇر، قىز پۈتمەس خىيال.
قۇش خىيالغا، خىيال قىزغا ئايلىنار بەك تېز،
توي باغىقى بولالماس ساختا،
رېڭى دەردتۇر، تېگى مۇھەببەت.

قاناتلىرى ئاپئاق بەك ئاپئاق،
بىر قۇش كەلدى ئۇچۇپ بىز تامان،
قېنى شۇنى قوغلاپ تۇتقۇدەك،
كىمنىڭ قولى ھەممىدىن چاققان.

## چارىسىزلىق

نېچۈن ساڭا كۆرسىتەلمەيمەن
نۇرلۇق قۇياشنى؟
نېچۈن ساڭا كۆرسىتەلمەيمەن
باھاردىكى يۇمران گىياھنى؟

## دۇئايىم

سۆيۈپ قانمىغان كۆك رەڭ بار، دېدى،
كۆيۈپ ئۆچمىگەن كۆك دەرد بار، دېدى،
كۈيلەپ ھارمىغان كۆك جەڭ بار، دېدى،
كۆكتىن ماڭا باقارسەن!

تاغلاردا ئاللاھنىڭ جامالى بار، دېدى،
ئەزان پەيتىدە تىلەكنىڭ كامالى بار، دېدى،
باغلاردا قۇشلارنىڭ ناۋاسى بار، دېدى،
خىسلەتلەردىن ئاڭا ئاقارسەن!

بۇلاقلاردا ئاشىقنىڭ كۆزى بار، دېدى،
ۋىسالسىز سۆيگۈنىڭ سۆزى بار،دېدى ،
مۇھەببەتنىڭ پەردازسىز يۈزى بار، دېدى ،
ھىجرانلاردىن ماڭا قالارسەن!

ئوتتا شەيتاننىڭ سىيماسى بار،دېدى ،
يا رەب! شەيتاننىڭمۇ لىباسى بار،دېدى ،
ۋە لېكىن كۆيگەن يۈرەكنىڭ زىباسى بار، دېدى ،
زىبالاردىن ماڭا يانارسەن!

## ناخشا

ئېھ ! ناتونۇش قەدىرلىكىمسەن!
سېنى كۈتتۈپ ياشىدىم ئۇزاق.
ئۇچراشمىدۇق، ئۇچراشتۇق بەلكىم،
كۈتتۈش ئىكەن ئەسلىدە شۇنداق.

ياپراقلارنىڭ شىلدىرى كەبى،
ئاتا قىلدىڭ مەيىن بىر قاراش.
بولۇپ قالدىم مۇڭلۇق، خىيالچان،
قەدىردانىم مەن ساڭا ئوخشاش.

بىر ناخشىنى بىلمەمەن تولۇق،
ئېيتالمايمەن ئەمما بىمالال.
يۈرىكىمدە ھەردەم جاراڭلىق–
چىقماس ئۈنۈم ئەپ قاچار شامال.

## يۈكسەكلىك

چۆكمەيمەن سىلەرگە ھارغىن يۇلتۇزلار،
نىجاتلىق تىلىكىم بولسا پەرىشان.
يۇلتۇزلار جىلۋەڭلار بولسىمۇ خىرە،
مېھرىمدىن نۇر بېرىپ باقىمەن ھامان.

تۇتقۇنغا ئايلانماس قەيسەر يۈرىكىم،
شاھلىقىم قولۇمدىن كەتمىدى ئۇچۇپ.
بىر مېنى ياقتۇرغان ئاپئاق كېپىنەك،
ئىشقىمدىن قۇياشقا قويار نۇر توقۇپ.

پەرىشتە ئەمەسمەن ئۆزۈمگە، ھەتتا–
ھەم ئۆچلۈك قىلمايمەن خاتالىرىمغا.
ئايالمەن، ئۆزۈمگە شېئىر يازىمەن.
تۆكۈمەن ئىچىمنى يازغانلىرىمغا.

تىۋىنىغان تەلۋىلىك يۈتسۈن غەزىپىڭ،
كەچۈرۈش گۈزەلدۇر،كەچۈرمەسلىك ھەم.
بوپ قالغىن شۇ خىلۋەت ساھىلغا تارىخ،
دىل ئازار يېمىسۇن مۇقەددەس ئەتەم.

## قوڭغۇراق ئۈنى

زىل ھەم لەرزان قوڭغۇراق ئۈنىنى،
ئاڭلايمەن بەزىدە چۆچۈپ يا كۈلۈپ.
بىلمىسەم ئەڭ نازۇك، نازۇك ئۈنىنى،
ئەڭ نەپىس جىغىلداش كېتەر يوقۇلۇپ.

كۆرگەندەك بولىمەن لەرزان ئاھاڭدا،
مەن تامان سوزۇلغان بىر نۇرلۇق قولنى.
كىم ئۈزى كۆرمىدىم سىرلىق چېھرىنى،
يەنىلا كۆرمەسلىك لازىم بىر يولى.

يېنىمدا سايرايدۇ ئوماق بۇلبۇلۇم،
شۇ نەپىس ئاھاڭدەك تىترىتىپ مېنى.
ئاھ شۇ يۇمران ئالقىنى بىلەن،
دەھشەتلەر ئىچىدىن ساقلار جېنىمنى.

قوڭغۇراق ئۈنىدىن تۆكۈلەر مىنۇت،
قالمايدۇ سائىتىم شۈندىمۇ توختاپ.
ئاشۇ ئۈن ئىچرە قايغۇ، شادلىقىم،
مەڭزىمدە چاقنايدۇ بولۇپ زەر ئاپتاپ.

## سارغايغان بىر ياپراق كەچكۈزدىن دېرەك

سارغايغان  بىر ياپراق كەچكۈزدىن دېرەك
ئالتۇنرەڭ قۇياشتا چاقنىدى لېكىن.
تىكىلدى كۆزۈمگە خىياللىرىمدەك،
ئەسلىسەم يىراقتا، يىغلىسام يېقىن.

قورقىمەن ياپراقتىن باردەك بىر تۇزاق ،
بۇ سېرىق ياپراقلار سېنىڭ كۆزۈڭدەك،
باقىدۇ كۆزۈمگە  غەمكىن ھەم ئۇزاق.
بەرىبىر بۇ كۈزدە كەلمەيسەن يانا،
چۈشلەردە،خىيالدا تويماي مۇڭداشساق.

يېشىل، سېرىق ياپراقلارنى سۆيەتتىڭ ھەتتا،
ئەمدى ئۈمىدلىرىڭ ئۆچكەنمىكىنتاڭ!
نېچۈن سارغايدىڭ؟ ئۈنلىرىڭ ئاستا،
ئەزىزىڭ ئۆمرۈڭدىن يۈتكەنمىكىنتاڭ!؟

تەنهامەن شۇقەدەر يوقتۇر ھېچكىمىم،
بارلىقىم قەدىرىڭگە يېتىشىم كېرەك.
ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم ئاڭلىماس ھېچكىم.
سەبىرنىڭ قولىغا ئۇلاشتى تىترەك،
ئاھ ! مېنىڭ مەپتۇنكار سېرىق چېچىكىم

چۈۋۈلغان چېچىمنى بولۇپ ئۇچۇرماق
سارغايغان چېھرىمنى بولۇپ يوشۇرماق،
ئاسمانغا قارىدىم يالغاندىن كۈلۈپ،
يەنىلا  ئاسماندا سانسىز يوپۇرماق..

## چۈمۈلە

بىرھان كەسكىن (تۈركىيە)

روھىمدىكى سەبىر، قەلبىمدىكى سۆيگۈ بىلەن قۇراشتۇردۇم،
كور چىلتەكلىك بۇ يولنى، ئورمان ئاستىدا، ئوقۇغىن ئۈنى.

سېنىڭ كۆرگىنىڭ قوۋزۇمدا تۇرغان دۇئا،
مەن پۇتلىرىم ئاستىدىكى تۇپراقىا تۆككەن كۆز يېشىغا ئىشەندىم.
دۇنيا شۇ قەدەر ئۇزۇنكى؛
بەرداشلىق بېرىشكە، تۈگۈلۈشكە، ئېچىلىپ- يۆگىنىشكە
مۇمكىن بولار بىر ئۆمۈر يول ياساش ۋە يول مېڭىشقا.

ئاھ، يەنىلا ھېچكىم بىلمىسۇن يولۇمدىكى قايغۇمنى،
چوڭ بولسۇن، قىرانلاشسۇن، قاپلىسۇن ئۆمرۈمنى
ئۇزۇندىن بېرى ئىشىكى ئېتىك، دېرىزىسى دەرغەزەپ.

كىم چۈشىنەر بۇ كور ئىشارەتلەرنى؟
ھېچكىمنىڭ تىلىدىن ئوقۇلمىسۇن ئىچىمدە پارچىلانغان.
تۈزلەڭلىكتە ۋە تاغدا يوشۇرۇنغان بىر كۆك ئۈچۈن چىققان يولدا،
مېنىڭ ناتونۇش بىر پەريادىم بار ئىدى.
ئۇزۇن زامان بولدى، بەردىم ئۈنى شامالغا.

قىشقا كىردۇق، قىشتىن چىقتۇق
شۇندىمۇ ئۆزگەرمەس ئىنسان
چۈمۈلە دۇئاسى* دېيىشىدۇ توقىغان يولۇمنى...

ئىزاھات: *بەرىكەت دۇئاسى

تۈركچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# دوغاپچى بالا

باھارى (ئاۋسترالييە)

«تونۇردەك قىزىپ كەتكەن قەشقەر شەھىرىدە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ كاتتا شەھەرلىرىگە خاس قايىنام - تاشقىنلىق ھايات داۋاملىشىۋاتاتتى. بولۇپمۇ دوغاپچى، باققاللارنىڭ بازىرى چاپ - چاپ، دوغچىلار سايىۋەنلەر ئاستىغا توختىتىۋالغان دوغ غالتىكىسى ئۈستىدىكى تۈگمەن تېشى يۇغانلىقتىكى خىرۇستالدەك سۈزۈك مۇزلارنى تۆمۈر ۋاشاق بىلەن گۈرۈچتەك - گۈرۈچتەك تاراشلاپ سول قولىدىكى ھېجىر تاۋاقلارغا زايە قىلماي چۈشۈرۈپ، كۈپتىكى پاكىز سۇ بىلەن چايقاپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ساراڭ دوغ، شىرنە دوغ، قېتىق دوغ، كاشكاپ دوغ، شەربەت دوغ... لارنى چاققانلىق بىلەن تەييارلاپ، قوشۇق بىلەن قوچۇپ، بېشىدىن ئىككى- ئۈچ گەز ئېگىزلىككە ئېتىپ، ئىككى- ئۈچ قېتىم سورۇيتتى. تولىمۇ سەنئەتلىك سورۇلغان دوغلار بىر تېمىممۇ زايە بولماي، يەنە ھېجىرغا قۇيۇلاتتى»

«جاللات خېنىم»

مۇشۇ بەتلەرنى ئوقۇۋاتقان كۆنلىرىمدە، دوغاپ سورۇۋاتقان بالىنىڭ ۋېدىئوسىنى كۆرۈپ قالدىم. دوغاپچى بالا قايناق بازاردا «تولىمۇ سەنئەتلىك» ھالدا دوغاپ سورىماقتا. «جاللات خېنىم» رومانىدا تەسۋىرلەنگەندەك «دوغاپنىڭ بىر تېمىممۇ زايە بولماي»تتى، لېكىن دوغاپچى بالىنىڭ چېھرىدە «قىل»چىلىكمۇ شاتلىق كۆرۈنمەيتتى...

ئاق مۇز، ئاق قېتىق،
چىۋەر قولۇڭدا،
ئوينىدى ئۇسۇل،
قەشقەر سازىدا.
دوغاپ تەييارمۇ؟
دوغاپچى بالا!

قارا كۆزلىرىڭ،
شاتلىقتىن يىراق،
مۇڭلۇقتا قاراپ،
ئۆرلىدى پىراق.
قېنى باللىق؟
دوغاپچى بالا !

قارا چېچىڭدا
ئاق- قارا دوپپا،
تونۇيمەن ئۇنى،
ئۇ- بادام دوپپا.
ئۇيغۇر بالىسى-
دوغاپچى بالا !

زەنجىرلىنىپتۇ،
قىڭراق- پىچىقىڭ،
«يۇتمىسۇن»دىدى،
تايىن باشلىقىڭ.
ياق! «ئوغرى» ئەمەس،
سەن «توغرى» بالا!

ئاق كانۋاي كۆينەك،
قارا بۇرۇلكا،
مەكتەپ فورمىسى
ئەمەستۇ بۇلا؟!
مەكتۇۇڭ قېنى؟
دوغاپچى بالا!

يۇتمەيدۇ سەندىن
غۇرۇر-جاسارەت،
قەشقەر بالىسى
مەغرۇر، ياشاپ كەت!
سېغىنىدىم سىنى
دوغاپچى بالا !

2020 -يىلى 10 -ئىيۇل، مېلبورىن

# ئىككى شېئىر

گابرىللا مىسترال (چىلى)

## مەن بۆشۈك تەۋرىتىۋاتىمەن

دېڭىز تاشقىنلىنىدۇ مىليونلارچە
دولقۇننى يېغا- زار بىلەن
مەن دېڭىز شاۋقۇنلىرىنى تىڭشىغاچ،
بالامنى تەۋرىتىۋاتىمەن.
*

شامال بۇغدايىنىڭ مەشۇقى
تەۋرىتىدۇ ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن.
مەن شامالنىڭ ھۇشقۇيتىشىنى تىڭشىغاچ،
بالامنى تەۋرىتىۋاتىمەن.
*

تەڭرى تەۋرىتىدۇ مىليونلارچە
دۇنياسىنى تىنچلىق ئىچىدە.
مەن تەڭرىگە قۇلاق سالغاچ
بالامنى تەۋرىتىۋاتىمەن.

## ئەنسىرەش

بۇلبۇل بولۇشىنى خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.
ئۇ ئۇچۇرما بولسا
قونمايدۇ مېنىڭ كەپەمگە،
چاڭگا تىزسا ئورمانلارغا
تاربىيالمايمەن ئۇنىڭ چېچىنى.
بۇلبۇل بولۇشىنى خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.
*

مەلىكە بولۇشىنى خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.
بىر كىچىك قىز بىر جۈپ ئالتۇن ئاياغ بىلەن
يايرىيالامدۇ ئېتىزلاردا؟
مەن بىلەن بىر كېچە ئۇخلىيالامدۇ
بىر كارىۋاتتا ؟
مەلىكە بولۇشىنى خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.
*

نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، خانىش بولۇشىنى
خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.
ئۇلار ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ
بارالمايمەن ئۇنىڭ قېشىغا.
كېچىدە، ئۇندىن كېيىن، راستتىنلا ،
ئۇنى تەۋرىتەلمەيمەن بۆشۈكىدە...
خانىش بولۇشىنى خالىمايمەن
بىر كۈنلەردە قىزىمنىڭ.

ئەرەبچىدىن ئەركان تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# مەن تارتقان ئەلەملەرگە

مەمەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ (گېرمانىيە)

توغراق كەبى قەددىم ھەم چۆرۈپ كەتتى
مەن تارتقان ئەلەملەرگە، ئەلەملەرگە
مەمنۇنلۇق ئوكيانىم قۇرۇپ كەتتى
مەن تارتقان ئەلەملەرگە، ئەلەملەرگە

قەيەرلەردە سەرگەرداندۇر ئىلھاملىرىم
زىندانلارغا ئەسىرمىدۇر خىياللىرىم
سىياھداندا قۇرۇقمىدۇر سىياھلىرىم
تەلپۈنسەم قەلەملەرگە، قەلەملەرگە

تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقتى يوللىرىمغا
قاداقلار پېتىپ كەتتى قوللىرىمغا
ھاردۇقلار يېتىپ كەتتى تۇلپىرىمغا
ئاتلانسام جەڭگاھلارغا، جەڭگاھلارغا

كارۋان بوپ چىقاي دېسەم ھەمراھىم يوق
يالغۇز بۇ مەنزىلىمگە مادارىم يوق
نىشانىمدىن ئادىششقا قارارىم يوق
چىقاي دېسەم سەپەرلەرگە، سەپەرلەرگە

ئەي شائىر، ھايات ئېيتقىن ئىقرارىڭغا
ھېچكىم تۇيماس-قۇلاق سالماس پىغانىڭغا
بولۇپ نادان، سۇلتان بولما خىيالىڭغا
چۇقان سالما تەقدىرلەرگە، تەقدىرلەرگە...

2020-يىلى 11-نويابىر،
مىيۇنخېن



# پالۋانلار ئېيتىدۇ: يىقىلغان جايىمىزدىن دەست تۇرالايمىز!

سەلىمە. ئا. كامال (ئاۋسترلىيە)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال بىناسىنىڭ 516 - نومۇرلۇق يىغىن زالىغا ئىستۇدېنتلار سائەت 4 بولمايلا كېلىشۋالدى. ئورۇن تەگمىگەنلەر ئۆرە، زالغا كىرمەي كارىدوردا تۇرغانلارمۇ ئۆرە...

–«كەلدى!» دېگەن بىر ياڭراق ئاۋازغا قىيقاس-چۇقانلار، چاۋاك-ئالقىشلار قوشۇلۇپ كەتتى. زالغا كىرىۋاتقانلار: بوكسچى ئەزىمەتلىرىمىزدىن: 1 - دەرىجىلىك تىرېنېر –ئابلىكىم ئابدۇرەشىت، بوكس پادىشاھى–ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئاسىيا چېمپىيونى، ئولىمپىك ئىشىكىنى ئۇيغۇردىن تۇنجى بولۇپ ئاچقان – ئابدۇراھمان ئابلىكىم، چېمپىيون – ئەكرەم ئىسھاق...لار ئىدى.

ئەزىمەتلەر، ئىستۇدېنتلار ئۆزئارا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشۈپ، خېلى ئۇزاق چاۋاك چېلىپ ئۆرە تۇرۇشتى. كەيپىياتقا قاراپ: «ئادەملەر ھۆكۈمدار-پۇلدارلىرى بىلەن ئەمەس، قەھرىمان-باتۇرلىرى، ئىجادكارلىرى، ئەدىبلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئەسكە ئالدىم.

«بوكستا تەر چىقسا ھېساب ئەمەس، قان چىقسا ھېساب!»

ئاقسېرىق، كۆك كۆز، كېلىشكەن بەستىگە يارىشىملىق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، تىرېنېر ئابلىكىم ئاۋۋال سۆزگە تەكلىپ قىلىندى.ئۇ گەدىنىگىچە قىزىرىپ مۇنبەرگە چىقتى. ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا نەيزە ئېتىشتا چېمپىيون بولۇپ، تەنتەربىيە ساھەسىگە قەدەم قويغان.1979 - يىلى شىئەن تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىپ، لاياقەتلىك پۈتتۈرگەن، تۇنجى بوكس تېرېنېرىمىز ئىدى. تۇۋا،

پالۋانلار تېرېنېرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان!

ئۇ سۆزىنى باشلىۋىدى، ئاۋازى تورلۇق، ياڭراق چىقتى:

– سالام ئىنىلار، سىڭىللار!... مەن 1994 - يىلى



ئاپتونوم رايون بوكس كوماندىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بوكس تېرېنېرى، بوكسچىلارنى قىيىنچىلىقى بەك كۆپ.ئىپتايلىق، ئادەم بەدىنى گۆش-سۆڭەكتىن پۈتۈلگەن. ئۆسۈپ-يېتىلىش دەۋرىدىكى شاگىرتلىرىمنىڭ بەدىنىگە تەگكەن ھەربىر مۇشت ۋۇجۇدۇمدا ئەنسىرەش، تەۋرىنىش قوزغىغان چاغلار دائىم تەكرارلىنىدۇ. تېرېنېرلىق ھاياتىمدا شاگىرتلىرىم بىلەن كۆرگەن راھەتتىن تارتقان جاپايىمىز كۆپ بولدى. بىراق، ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى، ئاشۇ جاپالار بەدىلىگە بىز ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جاسارىتىنى كۆرسەتتۇق، ئۆزىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇش پۇرسىتىنى ئۆزىمىز ياراتتۇق.

پۇرسەت بولمىسا، نەتىجىنىڭ يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شاگىرتلىرىم ئالتە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا، ئاسىيا ۋە جۇڭگودىكى مۇسابىقىلەردە 20 قېتىم چېمپىيون بولۇپ، بويىنىغا ئالتۇن مېدال ئاستى. ھەربىر ئالتۇن مېدال پۇرسىتىمىزنى كېڭەيتىش، ئۆزىمىزنى تونۇتۇشىمىزغا بىر پەلەمپەي بولدى. مانا ھازىر شۇنداق دېيەلەيمەنكى: بۈگۈن بىزنىڭ دۇنيامۇ، ئۇيغۇر جامائىتىمىزمۇ ئېتىراپ قىلغان پالۋانلىرىمىز بار!

— ئىنىلار-سىڭىللار، شۇنى تەكىتلەيمەن: بوكس ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئالتۇن مېداللىرى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتقىنىڭلاردا شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، بوكسچى پالۋان بولۇش ئۈچۈن— تەر چىقسا ھېساب ئەمەس، قان چىقسا ھېساب!



بوكسچىلارنىڭ بۇ روھى—سىلەرنىڭمۇ ئۆگىنىش، ھاياتلىق يولۇڭلاردىكى توسالغۇلار ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرمەسلىكىڭلارغا ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئۆرنەك!..

تېرېنېرنىڭ سۆزىگە ئىستۇدېنتلار ئاۋازلىرى يەتكۈچە چۇقان كۆتۈردى.



تېرېنېر—ئابلىكىم ئابدۇرېشىت

ئۇلار بەلكىم بۇ كۆك كۆز تېرېنېرنى ئاللىقاچان تونۇۋالغانلاردۇر. ئۇنىڭ يېقىندىلا ئۈرۈمچىدە بولغان مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە شاگىرتى ئابدۇشۈكۈر چېمپىيون بولغاندا، ئۆزىدىن يوغان بۇ شاگىرتىنى «دەسسىدە!» كۆتۈرۈپ، مەيداننى ئايلىنىپ يۈگۈرگەنلىكىنى ئۇز كۆزى بىلەن  كۆرگەنلەردۇر ۋە يەنە 8 – نۆۋەتلىك جۇڭگو تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى شاڭخەي مەيدانىدا 61 كىلوگراملىقلار چېمپىيونى ئەكرەم ئىسھاق قاتتىق مۇشت ئاتقاندا مۈرىسىدىن ئاجراپ كەتكەن ئوڭ قولىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن سەپدىشى ئابدۇشۈكۈرگە ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىغان مىنۇتلاردا ئابلىكىم تېرېنېرنىڭ مەيدانغا دۈمبىسىنى قىلىپ باتۇرى ئۈچۈن ئىسسىق ياش تۆككەنلىكىنى كۆرگەنلەردۇر...

«مېۋە كىمگە تەۋە؟»

ئاپتور شۇنى دېمەكچىكى: ھاياتتا نىشان بەلگىلەش—ئۇنى بوكس مەيدانىغا باشلاپ كەلگەن بولسا، ئەركەكلىك ۋىجدانى—تەختكە چىقارغانىكەن.

— سىز نېمە ئۈچۈن بوكس كەسپىنى تاللىغان؟

90 كىلوگراملىق بويىچە ئۇدا بەش يىل چېمپىيون بولغان ئابدۇشۈكۈر مىجىت مۇنبەرگە چىقىشىغا شۇنداق سوئال تاشلىدى چولپان كۆزلۈك، زىلۋاغىنە ئىستۇدېنت قىز ھاۋاگۈل ئوسمان.

— كىچىكىمدىن تەنتەربىيەگە قىزىقاتتىم.مەكتەپتە 11 يىل تەنتەربىيە ھەيئىتى بولدۇم. ھېچكىمگە بەرمىدىم. ئىشەنمىسەڭلار ساۋاقداشلىرىمدىن سوراڭلار.

ھە دېگەندىلا يۇمۇرىستىك چاقچاقتىن باشلانغان جاۋابتىن زالدا قاقاھلىغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئونبەش ياشتا ئىدىم. بىركۈنى ئامېرىكىنىڭ «روھ ۋە تەن» ناملىق فىلىمى قويۇلدى، يەتتە رەت كۆردۈم. فىلىمدە:

باش قەھرىمان سىڭلىسىنىڭ راك كېسەللىكىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بوكس مەيدانىدا ئېلىشىپ، پۇل تاپماقچى بولىدۇ. قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ تارتمىغان



جاپاسى، يېمىگەن تايىقى، چاچرىمىغان قېنى قالمايدۇ... ئۇ بوشاشمايدۇ، ئاخىرى مەشھۇر بوكس چولپىنى بولىدۇ... شۇ كۈنلەردە مەن يۇرتۇم قورغاسنىڭ كەڭرى دالىلىرىدا قىيغىتىپ يۈرۈپ، ئاپتاپتا پىشقان بەدىنىمگە دىققەت قىلدىم. ئۆزۈمنى بايقىغان كۈنۈم ئۆيگە كېلىپلا قوم خالتا ياساپ، مۇشت ئېتىش مەشىقىنى باشلىۋەتتىم. ئامما، ھەممىسى ئۆلچەمسىز ئېتىلغان، پاخپاق مۇشتلار ئىدى...

پاراقلىغان شاد كۈلكىلەر زالنى كۆتۈرۈۋەتتى. بوكسچى ئەزىمەتنىڭ سەمىمىي سۆزلىرى ياشلارنىڭ قەلبىنى دېڭىزدەك داۋالغۇتۇۋەتكەن ئىدى.

ئونبەش ياشلىق ئابدۇشۈكۈر ئۆزىنى ئەنە شۇنداق بايقىغان، كېچىككۈرمەي نىشان تاللىغان. ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن «ئىلى تەنتەربىيە كومىتېتى» نىڭ بوكس كوماندىسىغا كىرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تەنتەربىيە كۇرسىدا تولۇق كۇرسنى تاماملىغان.1984 - يىلى كەسپىي بوكس كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، «ئۆلچەمسىز، پاخپاق» مۇشتلارنى ئۆلچەملىك، دەل مۇشتلارغا توغرىلىغان.

—ئۇتتۇرغان چاغلىرىڭىزدا روھىڭىز چۈشكەنمۇ؟ —سورىدى ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت.

—ئۇتتۇرمىغان!

ھەم مەردانە، ھەم يۇمۇرىستىك جاۋابتىن زالدا ئەمدى قىيقاس چىقىپ كەتتى...

—مەنمۇ ئۇتتۇرغان، يىقىلغان. ئەمما، يىقىلغان جايىمدىن دەست تۇرۇپ ئالتۇن مېدال ئالغان.

بۇ—1997 - يىلى 4 - ئايدا شاڭخەيدىكى تەييارلىق مۇسابىقە ئىدى. ليۇجۈن بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلدىم، قاتتىق ئازابلاندىم. ئەمما، مەن بىر باتۇر ئىكەنمەن، قورۇق ئازابقا تېز چەك قويۇشۇم كېرەك! شۇ يىلى تاشكەنتكە بېرىپ، بەش ئايغىچە سىرت بىلەن ئالاقەمنى ئۈزدۈم. 40 گرادۇس ئىسسىقتا قاتتىق مەشىق قىلدىم. 9 - ئايدا شاڭخەيدە، يەنە ھېلىقى مەن يىقىلغان مەيداندا ليۇجۈن بىلەن ئېلىشىپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن يېڭىۋالدىم. ليۇجەنخۇا بىلەن چېمپىيونلۇقنى تالاشقاندا بىر نومۇر كەينىدە قالدىم: ماڭا مەدەت تىلەپ ۋارقىرىشىۋاتقان مۇنۇ ئۇيغۇرلىرىم مەيداندا نېمانچە كۆپتۇ؟! ئەكرەمنىڭ قولى چىقىپ كەتتى. ئالتۇن مېدالنى مەن ئالىمىسام، ئاۋۇ دەستە-دەستە گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراۋاتقان ئۇيغۇر ئاغىنىلەر گۈللىرىنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىشىپ، نەگىمۇ جىمىقتۇرا؟!!!...شۇچاغدا جاۋابكارلىق تۇيغۇسى يۈرىكىمنى سىرقىراتتى، يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. قانلىرىم ئۇقچۇپ، تومۇرۇمدىن تېشىپ ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك قىزىپ كەتتىم. ئاخىرقى 20 سېكونتتا كەينى-كەينىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۆلچەملىك مۇشتلارنى راسا جايىغا تەگكۈزدۈم. ئاخىرى 6:4 ئۈستۈنلۈك بىلەن بەدىنى مەندىن يوغان ليۇجەنخۇانى يېڭىۋالدىم!




ئىستۇدېنتلار ئورنىدىن «گۈررىدە!» تۇرۇپ كەتتى، بوكسچىنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى.

—ياشاپ كەت! ئوغۇلبالا، ئەركەك، سەن بىزنىڭ باتۇرىمىز!

ئەگەر يىغىن باشقۇرغۇچى قاتتىقراق تۇرمىغان بولسا، چاۋاكلار، مەدھىيەلىك شوئارلارنىڭ توختىشى تەس بولاربدى.

—بۇ مۇسابىقە ھەقىقەتەن بايا تېرىپىرىم ئېيتقاندەك بەدىنىمدىن تەر بىلەن قان ئارىلاش چاچرىغان بىر مەيدان مۇسابىقە بولدى. ئالتۇن مېدال بوينۇمغا ئېسىلغاندا يوغان



تېرېنېر-ئابلىكىم ئابدۇرېشىت (ئوتتۇردا) ۋە ئوقۇغۇچىلىرى

بەدىنىم گويا «ئېرىپ» كەتتى. كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، ئوت ئاققاندەك يۈزۈمنى كۆيدۈردى: يىقىلغان جايىمدىن دەست تۇردۇم!... دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى...(بۇ چاغدا زال ئاجايىپ تىمتاس بولۇپ كەتتى.) مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى: ھەممىمىز يىقىلغان جايىمىزدىن دەست تۇرالايدىغان روھنى يوقاتمايلى. بۇنى ئوقۇپ، بىلىمدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشتە، كەسىپتە نەتىجە يارىتىشتا، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىشكە...بولۇپمۇ، 21 - ئەسىردىكى ئىلغار مائارىپ، ئىلغار پەن-تېخنىكا رىقابىتىدە پۈت تىرەپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقتا تەتبىقلىساق بولۇۋېرىدۇ.

—بەزىلەر بوكس تەنھەرىكىتى ياۋايىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ راستمۇ؟

—ياق! مەن كەسپىمنى سۆيىمەن. شۇڭا خۇددى بىر بوكس ماھىرى ئېيتقاندەك: «بوكس كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ داۋامى، ئەقىل-پاراسەتنىڭ باياني، شىجائەتنىڭ راۋاجى، سەنئەتنىڭ مۇبالىغىسى»دەك بىلىنىدۇ.

ھەرقانچە ئېغىر مەشىق قىلساممۇ، بىئاراملىق ھېس قىلمايمەن. مۇسابىقە مەيدانىدا چىرايلىق ھەرىكەت كۆرسىتىپ، پاكىزە ھەم قاتتىق مۇشت ئېتىپ، خەلقىمگە ھوزۇر بېغىشلىسام دەيمەن. ئۇستۇدېنتلار بۇ گۈزەل، قاراتمىلىقى كۈچلۈك سۆزلەرگە چىدىيالمىدى. ئۇلار يەنە ئۆرە تۇرۇشۇۋالدى:

— ياشاپ كەت ئابدۇشۈكۈر، ياشا ئۇيغۇر ئوغلانى!...— چاۋاكلار مۈزىكىدەك رىتىمغا چۈشۈۋالدى.

—ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ: «زېمىندىكى قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.» دېگەن سۆزى بار، —ئوك قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇشۈكۈر، —بىز ئەزىز زېمىنىمىزغا ئۇيغۇر بوكسچىلارنىڭ تۇنجى ئىزىنى قالدۇردۇق. ھېسابلىنىشىچە، بىر بوكسچىنىڭ يىللىق چىقىمى—30 جاپاكەش دېھقاننىڭ بىر يىللىق ئەمگەك ھەققىگە توغرا كېلىدىكەن. مەن ئاشۇ دېھقانلىرىمىزغا قەرزدار. يېشىممۇ 30 غا بېرىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر يىل قاتتىق مەشىق قىلىپ، كېلەر يىللىق مۇسابىقىدە ئالتۇن مېدالدىن يەنە بىرنى خەلقىمگە سوۋغا قىلىمەن!

مېۋە ھەرگىزمۇ ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزگەنلەرگە تەۋە بولمايدۇ. ھەممىمىزدە ئۇلۇغ نىشان بولسۇن! ھاياتنى، كەسپىمىزنى سۆيىدىغان ئوتتەك يۈرەك بولسۇن! ئىشىنىمەنكى، شۇنداق قىلالىساق، سىلەر ئىلىم-پەن دۇنياسىدا، مەن ۋە كەسپداشلىرىم بوكس مەيدانىدا كۆمۈلمەس ئىز قالدۇرالايمىز، مەھمۇد بوۋىمىزنىڭ روھىنى شاد قىلالايمىز!

## باتۇر بولماقچى ئىدىم!

سپورتچىلار شەپكىسىنى كۆزىگىچە باسۇرۇپ كىيىۋالغان ئابدۇراھمان ئابلىكىم سەھنىگە چىقتى. ئابدۇراھمان سىدنېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2000 - يىللىق ئولىمپىكتا تۇنجى مەيداندا ياۋروپا بويىچە رەت نومۇرى ئىككىنچى ئورۇندىكى پولشالىق پاكازېتنىڭ بىلەن ئېلىشقان. ئۇ شىردەك ئېتىلىپ كەينى-كەينىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان. كېيىنكى مەيداندا پاكازېتنىڭ جىق كۈچىگەن. ئاخىرى ئابدۇراھمان ئاز نومۇر پەرقى بىلەن ئۇتتۇرۇپ قويغان. ئەمما، ئۇنىڭ دۇنياۋى بوكس مەيدانىغا ئۇيغۇر نامى بىلەن مەيدانغا چۈشكىنىنىڭ ئۆزى دۇنيانىڭ يادىدىن چىقىپ كەتكەن خەلقىمىزگە

ئالتۇن مېدالدىن كاتتا مۇكاپات بولغانىدى. ئاران 6 يىللىق بوكسچىلىق تارىخى بار كوماندا ئەزاسىنىڭ 100 يىللىق بوكس تەنتەربىيە تارىخىغا ئىگە بىر ياۋروپالىق بىلەن خەلقئارا مەيداندا ئېلىشقانلىقىنىڭ ئۆزى ئالتۇن مېدالدىنمۇ قىممەتلىك روھ ئەمەسمۇ؟!

ئۇ ھەقىقىي پالۋان سۈپەت يىگىت ئىكەن. شىرنىڭ بۇرنىدەك سەل يالپاقراق بۇرۇنى، توقماقتەك چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمى، كەڭ يەلكىسى، زور قەددى-قامىتى ھەقىقىي پالۋاننىڭ سىيماسى ئىدى.

—سىز نېمە ئۈچۈن بوكسچى بولۇشنى تاللىدىڭىز؟ —ئى ابدۇراھمانغا بىرىنچى سوئال شۇ بولدى.

—باتۇر بولاي دېگەنىدىم، —ئۇ قىسقا جاۋابنى بېرىپلا، كۆپكۆك، ھايالىق كۆزلىرىنى يەرگە تىككەنىدە، ئاپتور ئويلىنىپ قالدى: ھازىر يېڭى پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات—سەنئەت...شۇ شەخس ۋە ئۇنىڭ مىللىتىنى، ۋەتىنىنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى مۇھىم ۋاستە بولماقتا.شۇنداق ئىكەن،27 – نۆۋەتلىك ئولىمپىكتا ئابدۇراھمان ئابلىكىم مۇشتۇمى بىلەنمۇ، ئوبرازى بىلەنمۇ ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى، تەشۋىقاتچىسى بولدى. «باتۇر بولغۇسى بار يىگىت» قەسىمىنى ئورۇنلىدى.

شۇ چاغدا ئارقامدىكى ئىككى يىگىتنىڭ سۆھبىتى قۇلىقىمغا كىردى:

—«شاھزاد» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە ئويۇن قويغاندا بەزى قىزلىرىمىز سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، ناخشىچى رەشىد ئەپەندىنى سۆيۈپ تەبرىكلىگەن ئىدى. مانا بۇ يىگىتىمىزنى سۆيۈپلا ئەمەس، بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ تەبرىكلىسەك ئەرزىيدۇ-دە!

ئاپتور يىگىتنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ياپونلار پۇتبول تۈرىدە ئاسىيادىن چىقىش ئۈچۈن، قانچە يىل، قانچە ئون مىلياردلاپ پۇل خەجلىمىدىمۇ؟ ھېچقانداق داۋراڭسىزلا ئاسىيادا چېمپىيون بولۇپ، دۇنيا سپورت سورۇنىدا قاتارغا قوشۇلغان ئابدۇراھماننى قانچە ئەزىزلىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئابدۇراھمان بەكمۇ كەم سۆز ئىكەن. ئۇ سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئالدىغا باردىم. ئەھۋاللاشتىم ئاندىن كېيىن:

—ئولىمپىك كەنتىدە قانداقراق تۇردىڭىز، — دەپ ئاددىي سوئال بىلەن سۆھبەتنى باشلىدىم.

— باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن پىكىرلەشتىم. ئۇلاردىن تەجرىبە ئۆگەندىم.

— ئىنگلىزچىنى بالدۇرراق ئۆگەنگىنىڭىز تازا ئەسقېتىپتۇ— دە؟

ئۇ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى:

—بىركۈنى مەيداندا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر ئىنگلىز يىگىت ئالدىمغا كەلدى. بىردەم ماڭا تىكىلىپ قاراپ ئاندىن:

—سىز ئۇيغۇرمۇ؟—دەپ سورىدى.

—قانداق بىلدىڭىز؟—خۇشال بولۇپ، قايتۇرۇپ سورىدىم.

— مەن ئۇيغۇرلارنى بىلىمەن. چىرايىڭىزدىن تەخمىن قىلدىم. مەيدىڭىزدىكى ئىسىم كارتىڭىزدىن جەزملەشتۈردۈم.،—دېدى ھەم ئەتراپىدىكىلەرگە مېنى ئۇيغۇر، ئۇيغۇر بوكسچى ئىكەن، دەپ تونۇشتۇرۇپلا كەتتى...

—بوكستىن باشقا قىزىقىشىڭىز بارمۇ؟—سورىدىم يەنە.

—پەلسەپە، پىسخولوگىيە پەنلىرىگە قىزىقىمەن. شۇ پەنلەرنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىۋاتىمەن. بىلىم ئاشۇرغۇم، سىستېمىلىق ئۆگىنىش پىلانىممۇ بار. گىتار چېلىپ قويىمەن. ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

سۆھبىتىمىزگە قىزىقىپ تۇرغان بىرتوپ ئىستۇدېنتلار ئىككىمىزنى ئورىۋالدى. ئۇلار بەلكىم تەنتەربىيەچىلەر ئىچىدە پەلسەپە، پىسخولوگىيە ئۆگىنىدىغان بوكسچىنى ماڭا ئوخشاشلا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتسا كېرەك. يەنە تېخى ئاشۇ پولاتتەك قاتتىق قوللار نازۇك تارلار ئۈستىدە سېھىرلىك سادالار ياڭرىتار دەپ ئويلاش ماڭىمۇ مۆجىزىدەك تۇيۇلۇۋاتسا... بىزدە جىسمانىي قۇۋۋەت بىلەن ئەقلىي قۇۋۋەتتە ئۆزىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلاردىن قانچىسى باردۇر. تېخىمۇ كۆپ ياشلىرىمىز ئابدۇراخمان تاللىغان ھايات يولىدىن ئۆلگە ئالغان بولسا -ھە؟

ئىستۇدېنتلار بەس-بەستە خاتىرە دەپتەرلىرىنى سۇنۇپ، ئابدۇراھماننىڭ ئىمزا قويۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئابدۇراھمان بىرىنچى خاتىرىگە:

«ئۇيغۇر بوكس ماھىرى—ئابدۇراھمان ئابلىكىم»دەپ يازدى.

كېچىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەڭرى قورۇسىدا ۋىشىلداشقا باشلىدى. ئەزىمەتلەرنى نەچچە قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ئوقۇغۇچىلار سوغۇقنى سەزمىگەندەك.

ئۇلارنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى قېپقالغاندەك، ئەزىمەتلەرگە سالىدىغان مەسلىھەتى باردەك قىلاتتى. ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىلىرى- ئابدۇرېشىت مېجىت، ئابلىكىم، ئىسھاقلارنىڭلا ئەمەس، خەلقنىڭ ئوغلى بولالىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقىنىدا ۋۇجۇدلىرىغا ياشلىق ئوتىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك تۇتاشقانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. ئۇلارغا قاراپ ئىشەندىمكى، يۈزلىگەن ياشلار مۇشۇ كېچىدە، مۇشۇ ئۇچرۇشۇشتا «پۇرسەت يوق!» دەيدىغان ئاجىزلار باھانىسىنى يىراقلارغا ئېتىۋەتتى. توغرا تاللانغان غايە- نىشانغا يېتىش ئارزۇسىدا تۆلەنگەن بەدەلنىڭ ئەزىمەتلىرىمىزگە خەلقىمىز راسا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە جاسارەت بەرگەنلىكىنى چۈشەنگەن ئەقىللىق ئىستۇدېنتلار ئۇلۇغۋار نىشاننى يېڭىباشتىن تاللىدى—چوقۇم!

—خەير ئەزىمەتلەر! يەنە كۆرۈشەيلى!

ئىستۇدېنتلارنىڭ خەيرلىشىش سادالىرى ئۈرۈمچىنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى!

2001 - يىلى 7 - دېكابىر كۈنى خاتىرىسى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» 2001 - يىلى 1 - سانىدىن ئېلىندى.

# ئەلۋىدا ، چېمپىيون ئەلۋىدا!




خەلق تورى ئۇيغۇرچە قانىلىنىڭ 22 - يانۋار بېيجىڭدىن بەرگەن تېلېگراممىسى:

2015 -يىلى 21 -يانۋار چارشەنبە ئۇيغۇر خەلقىمىز ئۈچۈن ئېغىر يوقۇتۇش بولغان مۇسىبەت كۈنى بولدى. تۇنجى بولۇپ ئاسىيا سەھنىسىدە چېمپىيون بولۇپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان شىر يۈرەك، غەيۇر ئەزىمەتتىن بىرى يۈرىكىمىزنى زىدىلىدى، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇز ساقىپ، تۈمەنلىگەن كۆزلەرنى ياشلىدى... ئۇرۇش مەيدانىدىكى بايراقدار يەر چىشلىدى...

«جۇڭگو ياخشى ئاۋاز» پروگراممىسىدا 2 - لىككە ئېرىشكەن، خەلق ئەڭ ياقتۇرغان ماھىر بولۇپ باھالانغان پەرھات خالىق «ئۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن مېنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتتى، ئەگەر ئۇ بولمىسا كۆپچىلىك مېنى ھەرگىزمۇ تونۇيالمايتتى» دېگەن. دېمىسىمۇ تەنتەربىيە بىر مىللەتنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە ئۆزىنى نامايان قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر كۆزنەك. شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاشتا، روھىيىتىنى چىنىقتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۈر. لېكىن بۇ تۈر ئىزچىل ھالەتتە يېتەرلىك قوللاشقا ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن چوڭ سەھنىلەردە شان قۇچۇۋاتقان ئەزىمەتلىرىمىز بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. مانا بۈگۈن مۇشۇ ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ سەركىسىدىن، غەيۇر ئوغلانىمىز ئابدۇراخمان ئابلىكىمدىن ئايرىلىپ قالدۇق.

ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى داغلاپ، ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز ساقىغان يۇلتۇز، باھادىر ئوغلان ئابدۇراخمان ئابلىكىم 1978 -يىلى ئالتايدا توغۇلغان. بوكىسقا ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان ئابدۇراخمان 16 يېشىدا شىنجاڭ بوكس كوماندىسىغا تاللىنىپ، شىنجاڭ بوكىسچىلىقىنىڭ بەرپاچىسى ئابلىكىم ئابدۇرىشىتنىڭ مەشقاۋۇللۇقىدا تەربىيەلەنگەن. 1999 - يىلى ئۆزبېكىستان پايتەختى



***21 -يانۋار ۋاپات بولغان ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ مېيىت نامىزى 22 -يانۋار كۈنى ئۈرۈمچىدىكى نوغاي مەسچىتى، يەنى ھازىرقى بەيتۇللا مەسچىتىدە ئوقۇلدى. مەرھۇمنىڭ مېيىت نامىزىغا ناھايىتى كۆپ ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىنمۇ كېلىپ قاتناشقانلارنىڭ بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.***

تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ 75 كىلوگراملىقلار مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولۇپ بوكىسچىلىق ساھەسىدە شانلىق سەھىپە ياراتقان ئىدى. ئابدۇراخمان بۇ نەتىجىسى بىلەن 2000 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ 2009 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدا مەشقاۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد بوكسچىلارنى تەربىيەلىگەن.

مەرھۇم قازا قىلغاندىن كېيىن داڭلىق يازغۇچىمىز ياسىنجان سىدىق چوغلان، تونۇلغان ئوبزورچى يالقۇن روزى، ياغاچ ئاتلىق شاھزادە ئابدۇسەمەدئىمىن كۆكتېكىن، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ يازما يازدى، باغداش، مىسرانىم، ئەلكۈيى تورلىرىدا تورداشلار مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇسىنى بىلدۈردى.



# بالىلار ئەدەبىياتى



## مېنىڭ ئانام ـ مۇئەللىم

تۇرغۇنجانوۋ بەھرىمجان توغلۇقجان ئوغلى (قازاقىستان)

ئومۇمىي بىلىم بېرىدىغان №89 مەكتەپنىڭ 9 - «گ»
سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

مېنىڭ ئانام مۇئەللىم،
ئىلىم نۇرىن چاچقۇچى.
قاراڭغۇدا قالغاننىڭ،
يوللىرىنى ئاچقۇچى.

سەبىلەرگە مېھرىۋان،
بىلىمسىزگە بىلدۈرەر.
ئانام تىككەن كۆچەتلەر،
كەلگۈسىگە ساي بولغاي.

مىڭ بالىنى بالام دەپ،
مەكتەپ ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى.
بالىلارسىز كۈلمەيدۇ،
ئانامنىڭ كۈلكە كۆزى.

...

## بەخت ئۇ ئائىلىدىن باشلىنىدۇ

ئاخمۇللايېۋا رامىلا (قازاقىستان)
ئومۇمىي بىلىم بېرىدىغان №89 مەكتەپنىڭ 6 «گ» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

بەخت دېگەن نېمە ئۇ؟
بەخت ئۇ پۇل نۇرغۇن بولغاندىنمۇ؟
بەخت يە ئۆي يوغان بولغاندىنمۇ؟
ئۆي يوغان، پۇلۇڭ بولسا بەختمۇ؟
ياق!

بەخت ئۇ ئائىلىدىن باشلىنىدۇ،
ياق-يېنىڭدا، كۈلۈپ ئويناپ يۈرسە.
سىلىق ئاناڭنىڭ قولى ئۇزۇڭگە تەگسە،
ئەزىز داداڭنىڭ سۆزى ئويىوڭغا يەتسە.
ھەدە-ئاكاڭنىڭ مەسلىتى، ھەر قاچان،
يېنىڭدا يۈرسە!

ئۇكا-سىڭلىڭ، ھەدە-ئاكا! ئوينايلىچۇ
دېگەن سۆزى-
تاتلىق-تاتلىق قىلىقلىرى بولسا.
موماڭ-بوۋاڭ نەۋرەم قېنى؟ كەمپۈت
ئېلىپ كەلدۇق دېگەن ئۈنى بولسا!
مانا موشۇ ھەقىقىي بەخت!



# ۋېلسىپىتچى شۇبۇرشۇن*

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلورۇسىيە)

شۇبۇرشۇن ۋېرونىكا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، پەلەمپەيلىك ئايۋاندا خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا شەھەرگە قايسى يول بىلەن كەلگىنىنى ئەسكە ئېلىشقا ۋە بۇ يەردىن قانداق كېتىشى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئىككىنچىدىن، ۋېرونىكىغا رەنجىپ، ئالدىراش چىقىپ كەتكەن بولغاي بىر مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ۋېرونىكىنىڭ كۆندىلىكى ئىچىدە ياشىغان دەۋردە دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنى، ئوقۇغۇچىلارنى زەڭ قويۇپ تىڭشىغاچقا، خېلى نەرسىلەرنى بىلىۋالغان ئىدى. بولۇپمۇ، جۇغراپىيە دەرسى ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىپ كەتكەن. تۆنۈگۈنلا ئورماندا يۈرگەن نادان شۇبۇرشۇن يېڭىلىققا شۇنداق خۇشتار ئىدىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئاتلىسىنى تۈزۈشكە كىرىشكەن ئىدى. ۋېرونىكا ئۆز دوستىغا قېلىن مۇقاۋىلىق دەپتەر سوغا قىلغان. كېيىن چىرايلىق قەلەم ھەدىيە قىلماقچىمۇ بولۇۋىدى، لېكىن شۇبۇرشۇن ئۆزىنىڭ، شۇ چاغدىكى پەرىزى بويىچە، ئەڭ ياخشى ھەم دەسلەپكى ئۇستازىنىڭ مەردلىكىدىن ئارتۇقچە پايدىلىنىشنى توغرا كۆرمىدى. ئۇ پەقەت قەلەمنىڭ ئازراق سىياسىنى ھېچكىمگە كېرەك بولمىغان بوش قۇتىغا قويۇپ، يېنىغا دەپتەر ۋاراقلىرىنى يېيىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

دەسلەپ ۋېرونىكا كىچىككىنە شۇبۇرشۇننىڭ قەغەز بېتىگە دۆلەتلەر، ئوكيانلار، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنى، تاغ-دەريالارنىڭ سۈرىتىنى سىزالايدىغانلىقىنى ئەقلىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ھە، ئۇ بولسا ھەممىنى سىزىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئىنچىكە پۇتلىرىنىڭ بىرىنى قۇتىدىكى سىياغا چىلايدۇ-دە، ئاپپاق قەغەز ئۈستىدە سەكرەپ، ئۆز ئاتلىسىنى سىزىشقا باشلايدۇ. راست، باشتا ئوڭاي بولمىدى. ئۇ باش-كۆزىنى بۇلغاپ، رەسۋا بولدى. ئامما ئاستا-ئاستا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدى. پۇتلىرىنى دائىم تازا تۇتىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋېرونىكا دەپتەرنىڭ يېنىغا يەنە بىر قۇتىدا ئىلمان سۇ ۋە يۇمشاق سۈرتكۈچ قويۇپ بەردى.

—خەپ، ئۆيدە مېنىڭ پۈتۈن بىر دۇنيارىم قالدىدە، — دەپ ئۆكۈندى بولغاي ئاتلىسىنى ئەسلەپ، — ئەندى ئۇنىڭسىز قانداقمۇ قىلارمەن؟

ۋېرونىكا ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىملىرىنىڭ ھېكايىلىرى بويىچە، ئۇ ئافرىقا، ئاسىيا، قاراقۇم، ساخارا، تىنىق مۇھىت، ئانتاركتىدا ۋە كۆپلىگەن جايلارنى ئاتلاسقا چۈشۈرگەن ئىدى. كېلەچەكتە شۇ يەرلەرگە ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇبۇرشۇن ئەنە شۇنداق پۇشايمان قىلىۋاتقاندا، ئۇ تېخى يېقىندىلا ئۆزىنىڭ ئۆيى ھېسابلاپ يۈرگەن پەتىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئاندىن ئۇچۇپ دېگۈدەك ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ چىققان ۋېرونىكىنىڭ ئاكىسى مىشكا كۆرۈندى. ئۇ دەرھال لىفىت تۆگمىسىنى باستى. شۇبۇرشۇن ئۆزىنى يېنىك شامال ئۇچۇرتىپ، ۋېلسىپىت چاقىغا يېپىشىپ قالغاندا ئاندىن ئىسىغا كەلدى. بۇ ئىلگىرىمۇ بالىقاينى بىرنەچچە قېتىم ئىشىك قىسىپ، ھەتتا چەيلەپ ئېدەنگە چاپلىشۋەتكەن ۋاقىتلارمۇ بولغان. لىفىتتا كېتىۋېتىپ چاقتا ئۆمۈلەپ يۇقىرىلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئاتلاسنى ئويلاشنى ئۇنتۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭغا ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشمەيدىغان ۋە مىشكا بايقىمايدىغان ئەپلىك جاي تېپىش مۇھىم ئىدى. «ناسوسقا يېپىشىۋالسامچۇ؟ يولدا ئۇنىڭ

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

مىشكاغا ھاجىتى يوق»، دەپ ئويلىغان شۇبۇرشۇن ئاجىز پۇتلىرى بىلەن ناسوسقا مەھكەم يېپىشتى. ناسوسنىڭ چاققا يەل ماڭغۇزىدىغان تۆشۈكىنى پانا قىلدى.

ئەندى يېڭى ۋېلىسىپىتچىنى ھەرخىل ئويلار چىرمىۋالدى. «ۋېرونىكىنىڭ ئاكىسى نەگە ماڭدى؟ ئەگەر يولدا بۇ ماكانىدىنىمۇ ئايرىلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۆز ئورمىنى بىلەن سۆيۈملۈك بولوچانكىغا قانداق يېتىدۇ؟..»

ۋېلىسىپىتچىلارنىڭ سەپىرى مۇستەقىللىق مەيدانىدىن باشلىنىپ، ئۇ ۋېرونىكا بىلەن بىرنەچچە قېتىم زىيارەت قىلغان بوتانىكىلىق باغ، چېلىيوسكىنچىلار پاركى ئارقىلىق داۋاملاشتى. ئايلانما يولغا كەلگەندە مىشكا ئۇشتۇمتۇت ئوڭغا بۇرۇلدى. بالىقاي ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىسىمۇ، ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدى. بۇ يەرلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئەمەس ئىدى. يول بەلگىلىرىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەتلا ۋېرونىكىنىڭ كۈندىلىكىدىكى سۆزلەرنىلا ئوقۇشنى بىلەتتى. باشقا ھەرپلەر ۋە ئۇلاردىن سۆزلەرنى تۈزۈشنى تېخى ئۆگەنمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. «تېخى ئۆزۈمچە ناچار باھالار ئۈچۈن ۋېرونىكىنى مازاق قىلغانلىرىمچۇ»، دەپ ئۆزىنى ئۆزى جېمىلەشكە باشلىدى كىچىككىنە يۇمىلاق. ماشىنىلار، ئەلۋەتتە، مىشكانى قوغلاپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ئامما ئۇمۇ بوش كەلمەي ئىشتىك ماڭماقتا.

ئۇلار سۋىسلوچ دەرياسىدىكى كۆرۈكتىن ئۆتكەندە كۈتمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. شۇبۇرشۇننىڭ تىنىچ ۋە خاتىرجەم ھاياتى خەتەر ئاستىدا قالدى. ئۇ بولسا خىيالەن ئۆز ئاتلاسى بويىچە سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. ھەتتا ۋېلىسىپىتتا بېلوچكىغا يېتىپ كەلگىنىنى پەرەز قىلىپ، ئۆزىنى ئاجايىپ ھايۋاناتلار، قۇشلار ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى... شۇبۇرشۇننىڭ بۇ ئارزۇ-ئارمانلىرى قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كەلگۈسىدە كۆرۈمىز.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان)

## ئاتا ـ ئانام

ئادىكېرىموۋا دىيارا (قازاقىستان)
ئى.ساتتاروۋ ئوتتۇرا مەكتىپى، ك.م.م، ( 8 -ب) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، غەيرەت يېزىسى.

سىلەر بار، ئاتا-ئانام بىز شات-بەختىيار،
سىلەر بار، ھەر دائىم دىللاردا باھار.
ھاياتقا شۈكرى ساڭا دەپ يۈرىمىز دائىم،
چۈنكى ئۆيىمىز تۆرىدە سىلەر بار.

پەرزەنتلەر قەلبىنى يورۇتۇپ تۇرغان،
مەڭگۈگە ئۆچمەيدۇ سىلەر ياققان چىراغ .

سىلەر بار،قايغۇ-دەرد بىزدىن يىراق،
پەندى ھەم نەسىھەتكە سالىمىز قۇلاق.

سىلەر بار،ئاتا-ئانام چېچىپ بەخت -نۇر،
كېلىمىز ھاياتقا ئىشەنچلىك قەدەم.
بەختىم-تەختىم،شۆھرىتىم،بايلىقىم سىلەر،
ئەجىرىڭلارنى ئاقلايمەن- مېنىڭ بۇ ۋەدەم.

## ئەمگەك ـ ساڭا ئەمەك

ئاۋايدۇللايېۋا دىلنارا (قازاقىستان)
تۈگمەن ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى «مەكتەپكىچە بولغان ئىخچام مەركىزى بىلەن» مەملىكەتلىك مەھكىمىسىنىڭ 8 -سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئەمگەك- ھەر كىمگە ئەمەك،
ئېرىنمەستىن ئىشلىسەڭ.
ھۇرۇنلۇققا بېرىلمەي،
تىرىش، ئىشلە دائىم سەن.

ئەمگەك قىلغان باي بولار،
دېگەن دانا ھېكمەت بار.
قالغان ئىشقا قار ياغار،
دېگەن ئاتا بوۋىلار.

تىنماي ئەمگەك قىلغانلار،
يېتەر مۇرات –مەقسەتكە.
ئاتاق ئالغان ئىنسانلار،
بولار كۆپكە چوڭ ئۈلگە.

شائىرلارمۇ كۆپ يازغان،
ئەمگەك بەخت، ئامەت دەپ.
دانالار نەسىھەت قىلغان،
ھۇرۇن بولما، ئىشلە دەپ.

# مېنىڭ قىزىم

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە)

قىزىم تېخى تۆنۈگۈنلا لىچىنكادەك يۇمران ئىدى، ئەمدىلىكتە كېپىنەكتەك قانات چىقىرىپ يېنىمىزدىن ئۇچۇپ كەتتى. قىزىمنىڭ قەلبىدىكى ئارمانلىرى ئۇنى ئىستىقبالىغا تۇتاشقان بىر مەنزىلگە قارار تاپقۇزغان ئىدى. ئۇ پورەكلىگەن قىزىل گۈلدەك چىرايلىق، كۆل سۈيىدەك مۇلايىم، يۇمران مايسىلاردەك ئەۋرىشىم چوڭ بولدى. ئۇ بۇلاق سۇلىرىدەك قايناپ تاشمايتتى، ناھايىتى كەم سۆز، جىمىغۇر ئىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن كېپىكتەك شاش، چېچەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. راست، ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى چېچەن ئىدى. ئۇ تېخى يېشىغا توشماي تۇرۇپلا بوۋاقلىقى بىلەن خوشلىشىپ، باللار قاتارىغا قېتىلغاندا ياراتقان ئىگىمىزدىن قىزىمىزنىڭ بەختىنى ۋە ئۆمۈرىنى تىلىگەنىدۇق. كېيىن چوڭچوك تىللىرى بىلەن ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەشكە باشلىغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز قاردەك ئېرىدى. ئائىلىمىزدىكى بەختىنىڭ جىلۋىلىرىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلدۇق.

قىزىم شەھەرنىڭ سۆرەن-شاۋقۇنلۇق قىستاڭ ھاياتىدا قىستىلىپ يۈرۈپ چوڭ بولدى، تەپەككۇرى چەكلەنگەن، ئىززەت-ئېكراملىرى سۇلغان مائارىپتا باللىقى ئۆتتى. ئۇ ھاياتىمىزدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرگە شاھىت بولدى. سەرسان بولغان مۇساپىرلىرىمىزگە جۈر بولدى، يىقىلغان يېرىمىزدىن دەس تۇرغان ھالىتىمىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. قىزىم بىزنىڭ ھېكايىمىزدا يېزىلىپ چىقتى. ئۇ چىدام، غەيرەت ۋە شىجائەتنى كىتابتىن ئەمەس ھاياتتىن ئۆگەندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كىچىك تۇرۇپلا تەجرىبىلەرگە غەزىنە بولدى. مەن قىزىمدىن پەخىرلەنگەن ھەربىر مىنۇتلاردا ئۆزۈمنىڭ ياشاۋاتقانلىقىمنى ھەقىقىي ھېس قىلىمەن.

ئۇنىڭ پۇرىقى دىمىقىمىزدىن، كۈلگەن چىرايى كۆزىمىزدىن كەتمەيدۇ. بىز ھەر كۈنى غىزاغا داخىل بولغان شۇ مىنۇتلاردا يېنىمىزدا بوش قالغان ئورۇنغا قاراپ ئىچىمىزگە پاتماي قېلىۋاتقان سېغىنىشىمىزدا تۇنجىقىمىز. بۇرۇن ئۇنىڭ خانىسىگە قويۇپ قويغان كىيىم-كېچەكلىرى، كىتاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ۋاقتىمىزنى مالال قىلاتتۇق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قېلىپ قالغان ئاشۇ نەرسىلىرىنى خانىسىگە خۇددى ئۇنىڭدەك تاشلاپ قويۇپ سېغىنىشىمىزنى باسىمىز.

قىزىم قەلبىمىزنى چۈشۈنىدىغان، دەردىمىزگە ۋە شادلىقىمىزغا ئورتاقلىشالايدىغان ۋاپادار، مېھرىبان چوڭ بولدى. بىز ئۇنىڭ ئىنىسىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىدىن چەكسىز تەسىرلىنىمىز. ئۇ ئۆزىنى ئىنىسى بىلەن بىر تەن، بىر جاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئىنىسىگە باللىقتىكى ۋە ياشلىقتا قەدەم قويغان چاغلىرىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىپ، سىردىشالايدۇ.



ئەمدىلىكتە قىزىم بىزدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھايات يولىغا قەدەم قويدى، ئاللاھ ئىگەم قىزىمنىڭ بەختىنى بەرسۇن، باسقان ھەربىر قەدىمى سائادەتلىك بولسۇن. دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىم سېغىنىش ۋە چەكسىز مەمنۇنىيەتكە تولغان بىر ئاتىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەندى. قىزىم مۇستەقىل باسقان ھەربىر قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، چۈنكى بىز مۇستەقىللىقتىن تولىمۇ يىراق ياشىغان ئىنسانلارمىز.

2016 - يىلى 14 - ئاپرېل، شۋېتسىيە

# باللارغا قانداق كىتاب تاللايمىز*؟

ئايكۇن (ئامېرىكا)

باللارغا قانداق كىتابلار تاللايمىز؟ بولۇپمۇ سەككىز ياشقىچە بولغان باللارغا كىتاب تاللىغاندا قايسى نۇقتىلارغا بەكرەك دىققەت قىلىش كېرەك؟ قانداق ئوقۇپ بېرىش كېرەك؟ بىر كىتابنىڭ بالىغا ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى، قىزىقىدىغان ياكى قىزىقمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟

باللارغا ياخشى كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇپ بېرىش ياكى ئوقۇتۇش بالىنىڭ ئۆگىنىش يولىغا قويۇلغان يول كۆرسەتكۈچ ماياكقا ئوخشايدۇ، بالىنىڭ سۆزلۈكى، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ۋە دۇنياغا بولغان قىزىقىشىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك گۈزەل خاتىرە قالدۇرىدۇ. بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇچراشقان ياخشى كىتابلار بالىدا سۇسلاپ قالمايدىغان ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئىزدىنىشچان روھ شەكىللەندۈرىدۇ. كىتابنى كۆپ ئوقۇغان بالىنىڭ سۆزلۈك مىقدارىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، ئۆزىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئۆگەنگەنلىرىم، ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ئاساسىدا، قانداق كىتاب تاللاش توغرىسىدا ئاتا-ئانىلار دېلىغۇل بولۇۋاتقان بىر قانچە نۇقتىنى يورۇتۇپ بەرمەكچىمەن:

1. تورلاردا تەۋسىيە قىلىنغان؛ بازارلىق كىتابلار بالىنىڭ يېشىغا توغرىراقى ياش دائىرىسىگە ماس كېلىشى كېرەك.

بالا مەيلى قايسى ياشتا بولسۇن، ئەڭ ئاۋۋال ھەربىر كىتابنىڭ ماس كېلىش ياش دائىرىسىنى خاتىرىلەش، كىتابنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات ئېلىش لازىم. مەسىلەن: ئۈچ ياشقىچە بولغان باللارغا رەسىملىرى سۈزۈك، تېكىستلىرى قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك بولغان تاختا قەغەزلىك كىتابلار(board book) ۋە يۈزى ياخشى يۇزلۇكلەنگەن كارتىلار ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق كىتاب ۋە ماتېرىياللار مەزمۇن جەھەتتىن جانلىق بولۇش بىلەن بىرگە سۈپەت جەھەتتىنمۇ ياخشى، ھۆللۈككە چىداملىق، ئاسان يىرتىلمايدۇ، كىچىك باللار مەينەت قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ سۈرتىۋېتىپ، داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئۈچ ياشتىن كېيىن باللار نورمال قەغەزلىك كىتابلارنى ئىشلىتەلەيدۇ، بىر-ئىككى جۈملىلىك، رەسىملەر بىرئاز مۇرەككەپلەشكەن كىتابلارغا قىزىقىدۇ، رەسىملەرنى ئىزاھلىيالايدۇ، شۇنىڭغا ئائىت سوئاللارنى سورىيالايدۇ. 3 - 6 ياشقىچە بولغان باللار (pop-up books & lift-the-flap books)غا ھەيرانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ ياشتىكىلەرنى ئۆزىگە كىتاب تاللاشقا ئىلھاملاندۇرۇش ياخشى بىر يېتەكلەش ھېسابلىنىدۇ. ياخشى بىر كىتاب بالىنى چوڭ قىلىدۇ، بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بالىغا ئۈچ ياشتا ئوقۇپ بەرگەن كىتابىڭىزنى بالا تۆت ياشقا كىرگەندە سىزگە يادلاپ بېرىدۇ، بەش ياشقا كىرگەندە بولسا سىزگە ئوقۇپ بېرىدۇ. مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بالىغا كىتاب تاللىغاندا، يېشىغا ماس كېلىش كەلمەسلىكى بالىنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ياكى بىزارلىق كەيپىياتى پەيدا قىلىپ قويۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

2. بالا تەۋسىيەلىك كىتابلاردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىدۇ؟

بۇ ناھايىتى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. ئۈچ ياشقىچە بولغان باللارغا ماس كىتابلار باللارنىڭ ئاساسىي بىلىملەرنى بېسىمسىز ئۆگىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەرپلەر، سانلار، كەيپىيات، دوستلۇق، تەقلىد قىلىش، فونېتىكا... قاتارلىق تېمىلار بالىدا دەسلەپكى ئوقۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشتا ئۇل بولىدۇ. تۆت ياشتىن يۇقىرى باللارغا نىسبەتەن، بالىنىڭ يۇقىرىقى ھازىرلىقىنى قانداق قىلغاندا بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دېگەننى چىقىش قىلىش لازىم ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا كىتاب ۋە تېما دائىرىسىنى كېڭەيتسەك بولىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى باللار كىتابلىرى ھەقىقەتەن يېتەرسىز، باشقا تىللاردىكى كىتابلارنى تاللىغاندا، بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىز ۋە ئېتىقادىمىزغا يات كىتابلارنى ئېلىپ قېلىشتىن ئامال بار ئېھتىيات قىلىش لازىم، بالا قىزىقىپ قالغان بولسا، بالىنى قايمۇقتۇرۇپ قويمىغان ئاساستا چۈشەنچە بېرىش، بالىنىڭ كىچىككىنە قەلبىگە ئۆچمەنلىك، يەكلەش، تۆۋەن كۆرۈشتەك بىرقاتار پاسسىپ قاراشلارنى تىكىشتىن يىراق تۇرۇش لازىم.

3. تەۋسىيە كىتابلارنىڭ باش تېمىلىرى قانچىلىك مۇھىم؟

ئۈچ ياشقىچە بولغان باللارغا كۆز بىلەن كۆرگىلى، قولاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان قىسقىسى ئەتراپىتىكى-ھاياتىمىزدىكى ناھايىتى كونكرېت، جانلىق بولغان تېمىلاردىكى كىتابلارنى تاللاش كېرەك.

بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھېسسىي تەرەققىياتىمۇ ئۇيغىنىشقا، تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ، خىيال قىلىشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايدۇ،

* 8 ياشقىچە بولغان باللار ئۈچۈن(ئا)

شۇڭا تۆت ياشتىن كېيىن، بالىنىڭ قىزىقىشى سىزنى يېتەكلىسۇن، بالا ئۆچۈن كىتاب تاللاشتا ئىجادچان ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇڭ. مەسىلەن ئالايلۇق، بالا قۇياش سىستېمىسىغا قىزىقىپ قالدى، ئۇنداقتا، بالىنىڭ ھۆجرىسىنى قۇياش سىستېمىسى تېمىسىدىكى تام بېزەكلىرى بىلەن بېزەپ بېرىڭ، تورۇسقا قۇياش سىستېمىسىنىڭ مودېللىرىنى ئېسىپ بېرىڭ، ھەتتا قول-ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۇستىلار بالا بىلەن بىرگە پىلانېتلارنى ياساپ، بويۇساڭلارمۇ بولىدۇ، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن نەچچە پارچە ئېلىپ بېرىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇماڭ؛ بالا يەنە دىنازاۋۇرلارغا قىزىقامدۇ؟ ئۇنداقتا بالىنىڭ ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇشى ئۈچۈن، بىر قانچە دىنازاۋۇر تېمىسىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ سوۋغا قىلىڭ... بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بالىدا بۇلارغا نىسبەتەن تەبىئىيلا تېخىمۇ چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولۇشقا ۋە ئۆزى مۇستەقىل ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭدەك ئەھۋاللاردا ھەرخىل ئىلمىي فانتازىيە كىتابلىرىنىڭ بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشتا رولى بەك ياخشى بولىدۇ.

4.كىتابتىكى مەزمۇن ۋە رەسىملەر بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالىشى لازىم.

بۇ ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، رەسىملىك كىتابلارنى سېتىۋالغاندا، ئاۋۋال كىتاب ھەققىدە ئازراق مەلۇمات توپلاڭ، كىتابخانىلاردىن بىللە تاللاپ ئالغان بولساڭلار، كىتابتىن بالىنىڭ ۋە سىزنىڭ دىققىتىڭلارنى تارتالايدىغان تونۇش پېرسوناژلار ۋە مەزمۇنلارنى ئىزدەڭ. سىز تاللىغان ياكى تەۋسىيە قىلغان بولسىڭىز، تاللىشىڭىز ئۇنى مەزمۇن ۋە رەسىملەرگە جەلپ قىلالايدىغان بولسۇن. ئۆزىڭىز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ تۇتۇپ بېقىشىغا، كۆرۈشىگە ۋە كىتاب ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا سۇنۇڭ. يەنە تاللىغان كىتابلارنى ئۇنلۇك ئوقۇشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوقۇپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۇنتۇماڭ. توردىن ئالغان بولسىڭىز، كىتابنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭ، كىتابنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق بىلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىغا ماس ياكى ئەمەسلىكىگە قارار بېرىپ، ساقلاپ قېلىش ياكى ياندۇرۇۋېتىشنى ئويلاشسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا بالا سۆز-ئىبارىلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلاشنى ياكى ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە، شېئىر ياكى يۇمۇرىستىك كىتابلار ناھايىتى ياخشى تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

بالىنىڭ مەلۇم بىر ئاپتور، رەسىملىك كىتاب سەنئەتكارى ياكى يۈرۈشلۈك ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى بايقىسىڭىز ياكى شۇنداق بولسا، شۇ ئىجادىيەتچىلەرنىڭ كىتابلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىڭ. يەنە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىجادىيەتچىلەرنىڭ كىتابلىرىنى تاللاشمۇ سىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كىتابلارنى تاللىيالىشىڭىزغا ياردەمدە بولىدۇ.

5. تەڭپۇڭ ۋە ماس قەدەمدە بولۇش لازىم.

ئۆزى مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بالىلارغا كىتاب تاللىغاندا، كۆڭلىنى خۇش قىلىش بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك، بۇ نۇقتىنى ئوچۇقراق قىلىپ شەرھىلىگەندە، بەزى كىتابلار پەقەت بالىنى كۈلدۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇش قىلالىشى ئەمما مەلۇم بىر ئىدىيە ياكى بىلىم بېرەلمەسلىكى مۇمكىن؛ ئەكسىچە بەزى كىتابلاردىكى مەزمۇنلارنىڭ ئېغىرلىقى بالىنى چارچىتىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇلار ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىق بەرپا قىلغاندا، بالا كىتاب ئوقۇشتىن زېرىكىپ، ئۆچ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بالىنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشى(ئۈنلۈك ئوقۇش نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم) ئۈچۈن، نادىر كىلاسسىك چۆچەكلەر كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە سۆزلەر ئالاھىدە پىششىقلانغان، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەشلەر قوللىنىلغان، بۇ تەرىپى بالىلارنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ نەپىسلىكىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

6.قانداق ئوقۇپ بېرىش كېرەك؟

بالىغا كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، ئوقۇغان تېكىستلەرنى بارمىقىڭىز بىلەن قۇرمۇ قۇر كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ بېرىڭ. كىتاب مەزمۇنىغا قاراپ، بالىدىن ئەڭ ئاز دېگەندە (يېشىغا قاراپ) كىتابتىكى رەسىملەر، ھېكايە سيۇژىتى، پېرسوناژ ۋە خاراكتېرلەر ھەققىدە ئىككىدىن-ئۈچكىچە سوئال سوراڭ، كېيىنكى قەدەمدە نېمە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدۇرۇپ، پىكىرلىشىڭ.. قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرخىل بارماق قورچاقلىرى ياكى باشقا ماتېرىياللار بىلەن كىتابتىكى قەھرىمانلارنىڭ رولىغا كىرىپ تۇرۇپ ئوقۇسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن يەنە بىر نۇقتام ، بالىنىڭ قايسى تىلدا ساۋاتى (يېزىش) ئاۋۋال چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى كۆرگەن چىرايلىق بىرەر پارچە خاتىرە دەپتەر تاللىتىپ، بالىنى كۈندىلىك خاتىرە ياكى كۈندىلىك قىلغان ئىشلىرىدىن كىچىككىنە دوكلات ياكى ئەتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن پىلان ۋەياكى كىچىككىنە ھېكايە يېزىشقا ۋەياكى كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىشقا؛ يازغانلىرىغا ئاساسەن، رەسىملىرىنى سىزىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇپ قويماقچى بولغىنىم، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىدىن باشقا يەنە ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ۋە ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، بۇ نۇقتىدا يەنىلا بالىلارنىڭ يۈكى ئېغىر. بالا بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتا-ئانىنىڭ ئاناتىلىدىن باشقا تىلدا كىتاب ئوقۇپ بېرىشى بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى تىل بۆلىكىنى غىدىقلاشتا ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى

بالىلار دوختۇرلىرى ۋە مائارىپچىلار تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ چىقىلغان. ئامېرىكىدىكىدەك ئادەملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپ خىل بولغان دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىدە ئىشلەش جەريانىدا كۆرگىنىم بويىچە ئېيتسام، بىر ئۇيغۇر بالىنى ئۇيغۇرچە بىلەن باشقا بىر نەچچە خىل تىلنى ئوخشاش ئاكادېمىك سەۋىيەدە بىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان، ئەمما ئاتا-ئانىلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق ئىش ئىكەن. قوش تىللىق بالىلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىن بىر تىللىق بالىلارغا قارىغاندا ئۈتكۈر كېلىدىغانلىقىنى بۇ ماقالىدە سۆزلەپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، ئۆزلىرى بىلىدىغان چەتئەل تىللىرىدىكى كىتابلار بىلەنمۇ قەرەللىك ئۇچراشتۇرۇپ، ئوقۇپ بېرىشىنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىمەن.

يازغانلىرىم ئارىسىدا نىسپىيلىك بولۇشى مۇقەررەر، ھەممە ئاتا-ئانىلارغا ماس كېلىپ كەتمىسىمۇ، مۇشۇ نۇقتىدا ھودۇقۇپ قالغانلارغا ئازراق پايدىسى بولۇپ قالغۇسى!

2020 -يىلى 18 - دېكابىر، ئامېرىكا



# ئاۋارە قىلىش ئەسلى مۇھەببەت ئىدى

بەزىدە ھېچكىمنىڭ ئاۋارە قىلماسلىقىنى ئويلاپ قالىمىز. لېكىن ئاۋارە قىلغانلىق ئەۋۋەل مۇھەببەت ئىدى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئاۋارە قىلمىغان ۋاقتى بەلكىم مۇستەقىل بولغان ۋاقتىدۇر. ئاتا-ئانىمىزنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلمىغان ۋاقتى بەلكىم بۇ دۇنيادىن كەتكەن ۋاقتىدۇر. سۆيگۈنىڭىزنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلمىغان ۋاقتى بەلكىم سىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كۆڭلى قالغان ۋاقتىدۇر. دوستلىرىڭىزنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلمىغان ۋاقتى بەلكىم ئاراڭلاردا بىر تام پەيدا بولغان ۋاقتىدۇر. كەسىپداشلىرىڭىزنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلمىغان ۋاقتى سىز بىلەن ئۇلارنىڭ بىر كېمىدە ئەمەسلىكىنى بايقىغان ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئاۋارە قىلىشنىڭ ئۆزى قۇچاققا پاتمىغۇدەك مۇھەببەت ئىدى. ئەسلى ئاۋارە قىلغۇدەك ئادىمى بولۇشمۇ بىر بەخت.

خەتتات ئابلىكىم ئەھمەت

# موزدۇز ئۇستام

(ھېكايە)

ئە. ئازات

«بالىلارغا قىزىقارلىق،ئاسان چۈشىنىدىغان چۆچەك ۋە ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندە،ئۇلار ئاڭلاش، ھېس قىلىش، ئويلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.»

– كارل ماركس

بۈگۈن ھاۋا ئەتىگەندىن باشلاپلا ئىسسىپ كەتكەچكە ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دىمىق ئىسسىقتا ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كۆرە سالقىن ۋە ساپ ھاۋادىن ھۇزۇرلانغاچ دېڭىز بويىغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلمەيلىمۇ دېيىشىپ،ئەتىگەندىلا ئۆيىمىزگە ئانچە يىراق بولمىغان دېڭىز ساھىلىگە قاراپ يول ئالدۇق.

بىزنىڭ دېڭىز ساھىلىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىز ئەتىگەن تەرەپكە توغرا كەلگەچكە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. ئەر-ئايال ئىككىمىز، دېڭىز ساھىلىغا يېقىنلا يەردىكى ئەتراپىغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان يوغان بىر تۈپ يالغۇز دەرەخنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان ئىككى تەرىپى ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقلۇق ياغاچ ئۈستەلگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. كېيىن، چايقىلىپ تۇرغان دېڭىز سۈيىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن سۇ بويىغا كېتىپ قالساق، ئۈستىلىمىزنىڭ بىردىن ئىككىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈستەل ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، ئۈستىنى ئۆيدىن ئېلىۋالغان يېمەك - ئىچمەكلىرىمىز بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپ،ساھىلغا يۈرۈپ كەتتۇق. شۇ چاغدا، كۆز ئالدىمدىكى بىپايان كۆك دېڭىز سۈيى ئۇرۇلۇپ تۇرغان قىرغاقلارنى كىچىك چاغلىرىمدا ئويناپ چوڭ بولغان مەھەللىمىزدىكى مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چوڭ كۆلنىڭ قىرغاقلىرىغا ئوخشاتتىمۇ، ياكى دېڭىز ئەتراپىدا ئويناۋاتقان بىر نەچچە بالىنى كۆرۈپ كىچىك چاغلىرىمدىكى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدىمۇ،قانداق؟ خىيال-يىپلىرىم شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن مەھەللىمىزدىكى ھېكايىچى موزدۇز ئۇستامغا كېتىپ قالدى.

ئېنىق ئېسىمدە يوق، بەلكىم بەش، ئالتە ياش ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىن مۇساپىر بولۇپ چىققان ئوتتۇز، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، بويى- تۇرقى ئېگىز كەلگەن، پاكىزە چۈشۈرۈلگەن بېشىغا دوپپا كىيىۋالغان، قاشلىرى قاپ- قارا، بۇرۇنى قاڭشارلىق، قارامتۇل بۇرۇت- ساقاللىرى بويۇنلىرىغىچە تۇتۇشۇپ كەتكەن بىر ئادەم، داداملارنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، قورۇيىمىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يولغا قاراپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بوشلۇققا، يالاڭ خىشتىن، بىر تەرىپىنى قورۇ تېمىمىزغا چاپلاپ، ئالدى تەرىپىگە بىر ئىشىك بېكىتىپلا ئۈستىنى شاخ-شومبىلار بىلەن يېپىشتىن شەكىللەنگەن ئادىغىنە بىر كىچىك ئۆي سېلىۋالدى. كېيىن، كۆن، خۇرۇم ۋە چەم كېسىش پىچىقى، بىگىز، يىپ- يىڭنە، ئاق- قارا مۇم، قېلىپ قاتارلىق جابدۇقلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، بۇ كىچىككىنە ئۆيىنى ئەپچىل بىر موزدۇزخانىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

دۇكان، سىرتىدىن قاراشقا كىچىك، كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن ئىچى ناھايىتى ئىخچام، رەتلىك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم، ئۆزىنىڭ موزدۇزلۇق ھۈنىرى بىلەن مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

مەھەللىمىزنىڭ بۇ يېڭى ئەزاسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەندە كېلىپ، دۇكىنىنىڭ ئالدى-كەينىنى پاكىزە سۈپۈرۈپ، سۇ چاچاتتى. كەينىدىن، كىچىككىنە چاي چەيىنىكىگە چاي دەملەپ قويۇپ يىپ ئېشىپ مومايتى ياكى بولمىسا پاشنىغا نال قېقىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشەتتى. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا دادامدىن كىتاب- ژۇرناللارنى ئارىيەت ئېلىپ، دۇكىنىنىڭ ئىچىدىكى خېرىدارلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن قويۇۋالغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىدا تۇيۇقسىز خېرىدار كېلىپ قالسا، مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالغان ئۇزۇنچاق گۈللۈك ئاتكىرىتكىنى چىقىرىپ، كىتابنىڭ ئوقۇپ كەلگەن بېتىگە قىستۇراتتى -دە، پاكىزە يەرنى تېپىپ قويۇپ قوياتتى. خېرىدارلىرى كەتكەن ھامان قولىنى دائىم ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىدا ئېسىقلىق تۇرىدىغان لۆڭگە بىلەن پاكىزە سۈرتۈۋېتىپ، كىتابنى قايتا قولىغا ئالاتتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاددىي - ساددىلىقى، چىقىشقاقلىقى، ھۈنىرىگە ماھىرلىقى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەيلا مەھەللىدىكى چوڭ- كىچىك ھەممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى.

بولۇپمۇ مەھەللىدىكى بالىلار ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە بولۇشى بەك كۆڭۈللۈك بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ بىلىدىغان ھېكايە-چۆچەكلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم مەھەللىدە ئويناۋاتقان بالىلارنى يېنىغا يىغىپ يىپ ئەشكەچ ئۆزىنى چۆرىدەپ تەقەززالىق بىلەن ئولتۇرغان بالىلارغا قىزىق-قىزىق ھېكايە، چۆچەكلەردىن بىر نەچچىنى ئالدىرىماي، قىزىقارلىق،چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. بىز ئۈچۈن بۇنداق كۈنلەر بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مەھەللىدىكى بالىلار ئۇ كىشىنى «ھېكايىچى ئاكاش» دەپ چاقىرىشاتتى. مەھەللىدىكى بالىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھېكايە ئاڭلاش ئۈچۈن، موزدۇزخانا ئەتراپىدا، ھېكايىچى ئاكاشنىڭ بىكار بولۇپ ئۆزلىرىنى چاقىرىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋالاتتى. مۇبادا ھېكايىچىمىزنىڭ ئىشى تۈگىمەي سەل ئالدىراش بولۇپ قالسا بالىلارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئىشىنى داۋاملاشتۇرغاچ، ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بالىلاردىن بىرىمىزنى ھېكايە ئېيتىشقا بۇيرۇيتتى. بىزمۇ بىلىدىغان ھېكايە -چۆچەكلىرىمىزنى دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئېيتاتتۇق، گەرچە بىز ھېكايىلىرىمىزنى چۈشىنىشلىك، تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بېرەلمىسەكمۇ، يوغان قوللىرى بىلەن بېشىمىزنى سىلاپ تۇرۇپ: «ياخشى ئېيتتىڭلار، باركاللا،

كۆز تەگمىسۇن! » دەپ بىزنى ماختاپ، رىغبەتلەندۈرەتتى.

سىم- سىم يامغۇر ياغقان بىر كەچقۇرۇنلۇقى، مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئاشۇ كىچىككىنە موزدۇزخانىغا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھېكايە ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ھېكايىچى ئاكاش قولىدىكى ياماپ يېرىمداپ قالغان ئاياغنى بىر يانغا قويۇپ قويۇپ، ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىغان ئىدى:

بۇرۇنقى زاماندا تۆمۈر- تەسەك،ئالتۇن- كۆمۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە گۆھەر پادىشاھ ئىكەن. بىر كۈنى ئالتۇن تۆمۈرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ پادىشاھ گۆھەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

–ئى كەرەملىك شاھىم! مەن بۈگۈن پۇقرايىڭىز تۆمۈرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم. تۆمۈرنىڭ گۇناھى كۈندىن – كۈنگە ئېغىرلىشىپ چېكىدىن ئاشتى. تۆمۈرنىڭ بولسا، قىممىتى يوق، پۇلى ئەرزان، ئەمما غەلۋىسى كۆپ. ئۇ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا چۈشكەندىن كېيىن قىپقىزىل چوغ بولۇپ، بازغان بىلەن ئۇرغاندا گويا ئەجدىھاردەك كۆيدۈرگۈچى شۆلگەيلىرىنى ئەتراپقا چېچىپ، كىشىلەرنى كوچىدىن خاتىرجەم ئۆتكىلى قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تاراڭ- تۇرۇڭ نالە پەريادلىرىدىن كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتتى. بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ ئارام خۇدا ئۇخلىيالماي يىغلاپ چىقىدۇ. مېنىڭ بولسا، قىممىتىم يۇقىرى، ئەمما غەلۋەم يوق. بولقا تەگكەندە تۆمۈردەك قاقشاپ كەتمەيمەن.ھەرقانچە ئۇرسىمۇ «جىق- جىق» قىلغان ئاۋازلا چىقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىغلاڭغۇ تۆمۈرنى جازالاپ بەرگەيسىز،– دەپتۇ.

گۆھەر شاھ ئالتۇننىڭ ئەرزىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، تۆمۈرنى كەلتۈرۈپ سوراق قىلىپتۇ:

–ئې تۆمۈر! سېنىڭ گۇناھىڭ چېكىدىن ئېشىپتۇ. سېنىڭ قىممىتىڭ ئەرزان، غەلۋەڭ جىقكەن، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى تۇرۇقلۇق غەلۋىسى يوقكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن سەن زىندانغا لايىق بولدۇڭ، جازاغا تارتىمەن.

تۆمۈر دەپتۇكى:

–ئى ئادالەتلىك شاھىم، ئويلاپ كۆرگەيسىز، مەن گۇناھسىزمەن.

–نېمە دەلىلىڭ بار؟– دەپ سوراپتۇ شاھ.

– مېنىڭ دەلىلىم شۇكى،– دەپتۇ تۆمۈر، – مېنىڭ باھايىمنىڭ ئەرزان، غەلۋەمنىڭ كۆپلۈكى راست، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى، غەلۋىسىنىڭ يوقلۇقىمۇ راست. ئەمما، ئالتۇن بىلەن مېنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئوخشىمايدۇ. ئالتۇننىڭ تېگىدە قويىدىغان سەندىلى چويۇن، بولقىسى تۆمۈر، شۇڭا ئالتۇننى ھەرقانچە ئۇرسىمۇ، «ئېزىلىپ پارە بولۇپ كەتمىسۇن» دەپ ئانچە رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەندەك قىيىنىلىپ كەتمىگەچكە كۆپ زارلىنىپ كەتمەيدۇ. مېنىڭ بولسا، ئاستىمغا قويىدىغانمۇ تۆمۈر، ئۈستۈمدىن ئۇرىدىغانمۇ تۆمۈر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرىغا چىدىيالماي قاقشاپ كېتىمەن، ئەگەر ئالتۇننىمۇ، ئالتۇن بىلەن ئۇرسىڭىز، ئۇمۇ پايلىماي جىرىڭلاپ كېتىدۇ.

چۈنكى ھەممىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنىنىڭ ئازابى يامان ئىكەن. بۇنىڭغا ئادىل ھۆكۈم قىلغايسىز دەپتۇ.

ھېكايىچى ئاكاش ھېكايىسىنى تۈگىتىپ بىزگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن «چۈشەندىڭلارمۇ؟ ھەممىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنىنىڭ ئازابى يامان، شۇڭا دوستلۇقۇڭلارنى قەدىرلەپ، بىر بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئىناق- ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار» دېگەن ئىدى.

ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، ھېكايىچى ئاكاش بىزگە ئەنە شۇنداق ئىبرەتلىك ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ



بېرىش ئارقىلىق بىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە پايدىلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ئىكەن.

كېيىن، مەھەللىمىزدىكى كونا ئۆيلەر چېقىلىشقا باشلىغاندا، ھېكايىچى ئاكىمىز، ئۆمرىدە تۇرۇشلۇق ئۆز يۇرتلۇقلىرىدىن بىرسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ نەلەرگىدۇر كۆچۈپ كەتتى.

مەن دېڭىز بويىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا، گەرچە ياخشى سىزالمىساممۇ، ئاز تولا رەسىم سىزىپ ئىچ – پۇشۇقۇمنى چىقىرىش قىزىقىشىم بويىچە ھېكايىچى ئاكاشنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە موزدۇزخانىسى ئالدىدا، بېشىدىكى دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ھېكايىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتراپىغا يىغىلغان باللارغا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئوبرازىنى سىزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

# ئاجىزلىق پىسخىكىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ!

ئەمرە ھاشىم (ئىراق)

سىز ھاياتىڭىزدا ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەمسىز؟ سىزنىڭ بارلىق ئارزۇ – ئارمانلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟ سىز بىر ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن توختاپ قالامسىز ياكى باشقا ئىستەكلىرىڭىزنىمۇ روياپقا چىقىرىشقا تىرىشامسىز؟

ئەلۋەتتە مېنىڭ ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمىگىنىمدەك، چوقۇمكى سىزمۇ ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇقەررەر. شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ ھاياتتا ئەڭ ياخشىغا ئىنتىلمەيدىغان كىشى بولمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭىمۇ بىز ھاياتىمىزدا ئارزۇ – ئارمانلىرىمىزغا ئېرىشەلمەيدىكەنمىز ياكى بۇ يولدا تۈرلۈك توسالغۇلاردىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز. گەرچە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىز بۇ خىل چۈشكۈنلۈككە لايىق بولمىساقمۇ يەنىلا ئاجىزلىق پىسخىكىسىدىن قۇتۇلالمايمىز.

ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىگە مۇناسىۋەتلىك پىسخىك ئاجىزلىقى ئادەتتە تۈرلۈك بولىدۇ ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزى ئۇ ئىنساننىڭ ئەقلىي، جىسمانىي، ماددىي، مەنىۋى ياكى ئىجتىمائىي تەرەپلىرىگە باغلىنىشلىق بولسا، بەزىدە ئۇ شەخسنىڭ ئۆزىدە ياكى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدە چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىشلاردىن تۇغۇلىدۇ. بەزىدە بولسا كىشىنىڭ مۇبالىغە ھېس – تۇيغۇلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىر قىسىم ئىشلار باركى ئۇ بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ، شۇنىڭدەك يەنە بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن غايەت نورمال، ھالبۇكى ئۇ ئىشنىڭ ماھىيىتى ئاجىزلىققا سەۋەب بولغىدەك دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئاجىزلىق تۇيغۇسى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىدۇ. بىزمۇ بۇنى نادىر ئەھۋال ياكى بىر قىسىم كىشىلەردەك روھىي كېسەللىك دەپ قارىيالمايمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىق نوقتىلىرىمىزنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىتا پوزىتسىيىمىزمۇ ئىجابىي بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۆزىدە بىرەر نۇقسان ياكى ئاجىزلىق ھېس قىلغان كىشى، بۇنى باشقىلار ياقتۇرمايدىغان ۋە باشقىلاردىن تامامەن پەرقلىق بىر نۇقسان دەپ بىلىپ، نومۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەدىنى ، زېھنى ، ئۆزى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كۆرۈلىدىغان ھەرقانداق بىر نۇقسان ياكى ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ؟

تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى:

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىزگە شۇ سوئالنى قويۇشىمىز كېرەك، بىز روھىي ھالىتىمىز بىلەن ئىناق ۋە چىقىشىپ ياشىشىمىز ئۈچۈن، ئاجىزلىق ھېسسىياتىمىزغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

–پىسخىك ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇڭ، روھىي ھالىتىڭىزدىن ياكى جامائەتچىلىكتىن قېچىشقا ئۇرۇنماڭ. ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشىنىڭ، چۈنكى جەمئىيەتتە روھىي ئاجىزلىق ھېس قىلىدىغان كىشى پەقەت سىز بىرلا كىشى ئەمەس.

–سىز باشتا ئۆزىڭىزدە ھېس قىلغان ئاجىزلىق تەرىپىڭىزنى ئويلاپ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭ، ئالدى بىلەن ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىنى تېپىپ، ئۇنى ياكى ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىڭىز ئۈستىدىن غالىب كېلىڭ!

–ئەگەر ھېسسىياتىڭىزدىكى ئاجىزلىق ئۆزگەرتىش ۋە ھالقىپ كېتىش قولاي تىپتىكى ئاجىزلىق بولغان بولسا، دەرھال ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىڭ. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق تۇيغۇڭىزنى يېڭەلەيسىز. سىز بۇنى ئالدى بىلەن ئۆز ئىرادە كۈچىڭىز بىلەن ئۆزگەرتىشكە باشلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىڭىزنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ياكى ئۇنى خىيال قىلىپ كۆرۈڭ. بۇ سىزنىڭ سەۋرچانلىق ۋە قەتئىيلىك روھىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ، ھەمدە، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتتا ھېس قىلىشقا باشلايسىز. گەرچە تۇرمۇشىڭىزدا سىز ئۈمىد قىلغاندەك ئەۋزەل شارائىتقا ئېرىشەلمىسىڭىزمۇ، لېكىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيسىز. جەمئىيەتتە ئەھۋالى ناچار، ئاجىزلىققا ۋە يوقسۇزلۇققا پېتىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەردىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىزدىن تېخىمۇ ئېزىتىرابلىق ھاياتتا ياشايدىغانلىقىنى ئويلاڭ. بۇ دۇنيا ھاياتىدا ھەممە ئادەم سىناققا، ئىمتىھانغا ۋە توسالغۇلارغا يولۇقىدىغانلىقىنى، دۇنيا ھاياتىنىڭ ئىبرەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىڭىزدە بەزى ئاجىزلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، سىناققا دۇچ كەلگەن كىشى پەقەتلا سىز ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭ. شۇنداق قىلغاندا سىز ئۆزىڭىزدە تەسەللى تېپىشىڭىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىسىز، شۇنىڭدەك ھاياتىڭىزدا ئەھۋالىڭىزنىڭ مۇتلەق ناچار شارائىتتا بولمايدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنچ بەلەن قارايسىز.

«خارولد ئاببوت» - ئۇ ۋۇپپى شەھىرىدە بىر ئىسكىلاتنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىلادىيە 1934 - يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئون سېكۇنتتەك بىر مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. لېكىن بۇ ئون سېكۇنتتا مەن بۇندىن ئون يىل ئاۋۋال ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ كۆپرەك ياشاشنى ئۆگەندىم. ئىككى يىل ئىلگىرى مەن ۋۇپپى شەھىرىدە بىر مېۋە چېۋە ئىسكىلاتىنى باشقۇراتتىم. بۇ جەرياندا مەن قول ئىلكىمدىكى پۈتۈن مال – مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ھەتتا يەتتە يىل ئىشلەپمۇ تۆلەپ بولالمايدىغان دەرىجىدە قەرزگە پېتىپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامبارنى تاقىدىم ۋە كەنساس شەھىرىگە بېرىپ ئىش ئىزدەش قارارىغا كەلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سودا سانائەت بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىشىمغا توغرا كېلەتتى. بۇ مەقسەتتە ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنچ قىلىدىغان، جۇشقۇن بىر ئادەمدەك روھلۇق كېتىپ باراتتىم. بۇ چاغدا يولدا ئىككى پۇتى مېيىپ بىر ئادەمنىڭ مېيىپلار ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئىككى قولىغا باغلانغان ياغاچ بىلەن ھارۋىنى ماڭدۇرۇپ چوڭ يولدىن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ كىشى يولدىن ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا چىقىۋاتقاندا ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا ئاجايىپ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ: «ئەتتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئەپەندىم، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ئەتىگەن ھە!» دېدى. مەن ئۇ كىشىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. چۈنكى مېنىڭ ئىككى پۇتۇم ساق، ماڭالايتتىم. مەن ئۆزۈمدىن خىجىللىق ھېس قىلغان ھالدا خىيالىمدىن مۇنۇلارنى ئۆتكۈزدۈم: «ئىككى پۇتى يوق بۇ ئادەم شۇنچە ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ، خۇشال ئۆتىدىكەن، مېنىڭ ئىككى پۇتۇم بار، ئۇنداقتا مەن قانداق بولۇشۇم كېرەك؟». مەن بۇلارنى ئويلاپ روھىي جەھەتتىن خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. ئەسلىدە مەن بانكىدىن يۈز دولار قەرز ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتىم. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئىككى يۈز دولار ئېلىپ، كەنساس شەھىرىگە ئىش ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئىش تېپىپ ئىشلەش ئۈچۈن بېرىش قارارىغا كەلدىم ۋە بۇ ئىشەنچ بىلەن بانكىغا بېرىپ ئىككى يۈز دولار قەرز ئالدىم، نەتىجىدە كەنساس شەھىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتىم.

ئەگەر سىز پىسخىكىڭىزدىكى ئاجىزلىق تەرەپلىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىڭىز ياكى مەقسىدىڭىزگە سىز ئۈمىد قىلغان دەرىجىدە يېتەلمىگەن بولسىڭىز، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يەنە باشقا يوللىرى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ شەخسىيىتىڭىزدە مەۋجۇت باشقا ئارتۇقچىلىقلاردۇر. سىز ئۇنى كەشىپ قىلىش ۋە باشقىلاردا كۆرۈلمىگەن ئۆزگىچىلىكىڭىزنى قېزىش بىلەن ئاجىزلىقىڭىزغا غالىب كېلەلەيسىز. مەسىلەن: ئەگەر سىز بىر باسقۇچتىكى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ماتېماتىكىنى تەلەپكە لايىق ئۆزلەشتۈرەلمەپسىز، ساۋاقداشلىرىڭىزغا قارىغاندا نومۇرىڭىز تۆۋەن ئىكەن، لېكىن تەنتەربىيەدە بىر قانچە مېدالغا ئېرىشىپسىز، بۇنداق ئەھۋالدا سىز ماتېماتىكىدىكى ئاجىزلىقىڭىزنى ئويلاپ چۈشكۈنلەشمەي، تەنتەربىيەدىكى نەتىجىڭىزگە قاراپ كەيپىياتىڭىزنى ئۈستۈن تۇتۇشقا تىرىشىڭ. بۇ سىزنىڭ روھى چۈشكۈنلىكىڭىزنى بېسىپ، ماتېماتىكىدىكى ئاجىزلىقىڭىزنى يېڭىشكە كۈچ بېرەلەيدۇ.

«بىن فوررېستون» - ئۇ، 1939 - يىلى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھادىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆز ۋاقتىدا بېغىمدا غولداپ كەتكەن قومۇچلارنى كېسىۋېتىپ، ئورنىغا پۇرچاق يېتىشتۈرۈش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. بىر كۈنى باغدىن بىر بۇغام قومۇچنى كېسىپ، ماشىنام بىلەن ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. تۇساتتىن قومۇش ماشىنىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن مەن قاتتىق تەمتىرەپ كەتتىممۇ قانداق بىلمەيمەن ماشىنا بېرىپ چوڭ بىر دەرەخكە ئۇسۇپ، ئۆرۈلۈپ كەتتى. بۇ ۋەقەدە ئومۇرتقا سۆڭىكەم قاتتىق زەخىملەنگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن يېرىم پالەچ بولۇپ قالدىم. باشتا ھالىمغا قاتتىق ئېچىندىم، بەختىمنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن ئاچچىقلاندىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ بۇنداق كاج تەلىيىمنى لەنەتلەيتتىم. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇنداق غەزەپلىنىش، ئەلەم بىلەن غەمكىن ئۆتۈش ھاياتىمدا ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. باشقىلارنىڭ داۋاملىق ماڭا كۆيۈنگەنلىكىنى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. شۇڭا مەنمۇ ئۇلارغا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆزۈمنىڭ رولۇنى ئادا قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئون تۆت يىل ئۈزلۈكسىز كىتاب ئوقۇدۇم. بۇ جەرياندا 1400 پارچىدىن كۆپ كىتاب ئوقۇپتىمەن. ھەر بىر كىتابنى ئوقۇسام ماڭا يېڭى بىر ئۇپۇق ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاستا - ئاستا دۇنيانى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى تونۇشقا باشلىدىم. كىتاب ئوقۇش ۋە ئۇنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن بارا – بارا سىياسەت ۋە ئومۇمنىڭ ئىشىغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. مانا ھازىر مېيىپلىك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ خەلققە لېكسىيە سۆزلەۋاتىمەن».

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەگەر سىز ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجىزلىقىڭىزنى ئۆزگەرتىمەن دېسىڭىز ياكى خاراكتېرىڭىزغا يات ۋە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان بىر خىيالنىڭ پېيىدىن قوغلاپ يۈرگەن بولسىڭىز ياكى ئەمەلىيلەشمەيدىغانلىقى ئاللىبۇرۇن ئېنىق بىر ئىشنى قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلغان بولسىڭىز، بۇ تولىمۇ ئەخمىقانىلىقنىڭ ئالامىتى، چۈنكى بۇ سىزنى ئاخىرىدا ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. كونتروللۇقىڭىزنى يوقىتىسىز، بەلكى چۈشكۈنلۈك ۋە پسىخولوگىيەلىك بېسىم ئاستىدا قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بەزى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزگەرتكىلى بولسىمۇ، يەنە بەزى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئەسلا ئۆزگەرتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزدىكى ئۆزگەرتىش ئىمكانسىز بولغان ئاجىزلىقلىرىڭىزنى تەن ئېلىپ، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىڭىز، بۇنىڭدىن ئەسلا ئۈگىشسىزلانماسلىقىڭىز لازىم.

مەسئۇلىيەتتىن قېچىش!

سىز ئۆزىڭىزنىڭ روھىي ئاجىزلىقىڭىزغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەنىۋىيىتىمنى كۆتۈرىمەن، باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كەلمەيمەن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن روھىي ئاجىزلىقىڭىزغا جەسۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىڭىز، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئارقىلىق ئاجىزلىقىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشلارغا ئوخشاپ قالماسلىقىڭىز لازىم. دېمەكچى بولغىنىم، جەمئىيەتتە شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ، ئېتىراپ قىلغاندىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنىڭغا مەجبۇر قالغانلىقىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى (مەسىلەن، شەخسىيىتىمدىكى ئاجىزلىق ئەتراپىمدىكى ماڭا پايدىلىق بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ نەتىجىسى ياكى ئەجدادلاردىن ماڭا يۆتكەلگەن ئىرسىيەت ياكى بالىلىقىمدا دۇچار بولغان كېسەلنىڭ تەسىرى ياكى دوختۇرنىڭ كېسىلىمگە توغرا دىئاگنوز قويالماسلىقى دېگەندەك) تەسەۋۋۇردا ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر قىسىم ئىللەتلەرگە ئىتتىرىپ قويۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ تۈر باھانىلەر ئەلۋەتتە خاتا، شۇنداقلا ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا مۇناسىپ يول بىلەن تاقابىل تۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا شەخسىيىتىدىكى ئاجىزلىقىدىن قېچىش ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىقتەك ئېغىر خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن يۈزلىشىشتىن قورقىدىغان كىشىلەردۇر. ئەسلىدە ھاياتقا توغرا يۈزلىنەلەيدىغان ئادەم چوقۇم ئۆزىدە ۋە ئەتراپىدا تىنچ مۇھىت ۋە خۇشال كەيپىيات يارىتالايدۇ. بىز ئىنسانلار ئەڭ يامان ئەھۋاللارنىمۇ كونترول قىلالايمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى ناچار شارائىتلارغا تەسلىم بولۇش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ياخشىلىقىقا ئۆزگەرتەلەيمىز. بىز دۇچ كەلگەن يامان ئەھۋاللار ھېچ قاچان يىمىرىلىشىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولالمايدۇ، بۇ پەقەت بىزنىڭ ئەھۋاللارنى ئويلاش ئۇسۇلىمىز. ئادەمنىڭ قەلبى بىلەن ئويلىغانلىرى، ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلغانلىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە دەرس بولالمايدۇ، بەلكى ھەقىقىي دەرس بۇ توغرىدا نېمە قىلىۋاتقانلىقىدۇر. خۇددى جۇلىئۇس روسېنۋالد ئېيتقاندەك: «ھاياتلىق سىزگە ئاچچىق لىمون بەرگەندە ... لىمون تەييارلاڭ».

ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىغا تاقابىل تۇرۇش روھىڭىزنىڭ بولماسلىقى ئادەتتە روھىي كەيپىياتىڭىزنىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىزنى بارا - بارا ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق نوقتىڭىزنى ھېس قىلمايدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئىېرىشكىنى پەقەت بىر تاسادىپىيلىق، ياكى ئۇلار ماڭا قارىغاندا ئەبزەل شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن دەپ قارايدىغان، ئۆزىنى ئالداش خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى قوغلىشىش ۋە ئەيىبلەشكە ئالدىرايدۇ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇبھىسىزكى بۇ خىل خاراكتېر باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بۇنى نورمال ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، كىشىنىڭ ئاجىزلىق پىسخىكىسى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى، ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىدۇ. سىز ئېيتقاندەك، ئەگەر ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقنى راستىنلا يەڭمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىق ئىللىتلەرنى لەنەتلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىڭ.

فىلورىدا ئىشتاتىدا ياشايدىغان بىر دېھقان ئۆز رايونىدىكى يەر تەقسىماتى قانۇنى بويىچە بىر بۆلۈك يەر سېتىۋالغان. دېھقانىنىڭ سېتىۋالغان يېرى ئەسلىدە تېرىقچىلىققا يارىمايتتى، دۇب دەرىخىدىن باشقا ئۆسۈملۈك ئۈنمەيتتى، زەھەرلىك يىلاندىن باشقىسى ياشىمايدىغان سازلىق يەر ئىدى. دېھقان يەرنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، چۈنكى ئۇ، بۇ يەر ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇل تۆلىگەن، شۇڭا ئۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە نېمە قىلىشى كېرەك ئىدى؟

ماقالىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، بۇنداق ئەھۋالغا سىز دۇچ كەلگەن بولسىڭىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟..

دېھقان دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى ئۇ زەھەرلىك يىلاندىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۈمىدسىزلىكتىن ھەيرەتتە قالغان قولۇم - قوشنا ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا، ئۇ يىلان گۆشىنى كونسېرۋا قىلىشقا باشلىدى ۋە تەجرىبىخانا قۇرۇپ، يىلاندىن زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىپ دورا زاۋۇتىغا سېتىپ بەردى. دورا زاۋۇتلىرى ئۇ زەھەرلىك ماددىلاردىن ئانتىبىيوتىك دورا ياساپ ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. بۇ دېھقان ئۈچۈن زور پايدا ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇ يەنە سازلىقتىكى يىلانلارنى رەسىمغا تارتىپ كارتا باستۇرۇپ ئەتراپتىكى پوچتا دۇكان ۋە كىتابخانىلارغا تارقاتتى. بارا - بارا بۇ سازلىق يەر ساياھەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە كېلىپ زەھەرلىك يىلانلارنى كۆرۈپ كېتىدىغان ساياھەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، يىلدا ئاز دېگەندە يىگىرمە مىڭدىن ئوشۇق ساياھەتچى كېلىپ كېتىدىغان بولدى.

ھەر قانداق ئەخمەق ئادەممۇ ئۆزىنىڭ قول ئىلكىدىكى پايدىدىن نەپكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن، ئەمما مۇھىم بولغىنى مەغلۇبىيەتنى غالىپلىققا، ئاجىزلىقنى مۇكەممەللىككە ئايلاندۇرىدىغان، زىياندىن پايدا ئۈندۈرەلەيدىغان كىشىلەرنىلا ئەقىللىك كىشى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ئاللاھقا بولغان ئىمان يەنىلا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەڭ كۆپ تېۋىنىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىلتىجا قىلىدىغان بەدەل بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇبىيەت، ئاجىزلىق، قايغۇ - ھەسرەت ياكى زىيان - زەخمەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاللاھقا بولغان ئىمانى بىلەن تەسەللى تاپىدۇ. بەزىلىرىمىز ئويلىغاندەك، دىن ئۇنداق ئاجىز - غورىبا ۋە بىلىمسىز -

جاھىللارنىڭ سېغىنىدىغان پاناھگاھى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئۈمىد مەنبەسىدۇر.

خۇلاسە سۆزىمىز شۇكى، ياش قېرىندىشىم! ئەگەر تاغنىڭ چوققىسىدىكى دەرەخ بولالمىسىڭىز جىلغىدىكى چاتقال بولۇڭ، ئەگەر چاتقال بولالمىسىڭىز ھېچ بولمىسا يول بويىدىكى ئوت - چۆپ بولۇڭ، بۇمۇ يولۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ ۋە قەلبىنى يورۇتىدۇ، بۇنىڭدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ.

داۋاملىق شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، قاراڭغۇلۇققا لەنەت ئوقۇماڭ، ئەمما شام يورۇتۇڭ!

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان ئابباس (تۈركىيە)

# بولالماسمەن ئۇلاردەك...

گۈلنار ئابلىز (قازاقىستان)

قەشقەرىيدەك ئەسەر يېزىش قولدىن كەلسە،
قەلىمىمنىڭ ئۈچىن ئۇچلاپ قويار ئىدىم.
نەسىردىندەك چاقچىقىمغا خەلق كۈلسە،
مەشرەپ قىلىپ، بىر تورپاقنى سويار ئىدىم.

غېنىدەك تاغ ئۆرىگىدەك قۇدرەت بولسا،
دۈشمەندىن ئازادلىقنى ئالار ئىدىم.
سادىردەك يۈرىكىمدە قۇۋۋەت بولسا،
پالۋان بوپ ئەل قەلبىدە قالار ئىدىم.

ئىپارخاندەك جەسۇرلۇققا تولسا دىلىم،
قىلىچ ئېلىپ،ئاتقا مىنىپ چاپار ئىدىم.
خاس ھاجىپتەك بېشىمدا بولسا بىلىم،
نە نادانلارنىڭ ئاغزىنى ياپار ئىدىم.

لۇتپۇللادەك خەلق ئۈچۈن بەرسەم جىنىنى،
يۈرىكىمدە ھېچ قورقۇنچ بولماس ئىدى.
ئوغۇزخاندەك ۋەتەن ئۈچۈن تۆكسەم قاننى،
خەلقىمنىڭ غېرىب قەلبى سولماس ئىدى.

قاسىمىيدەك باتۇرلۇق بولسا مەندە،
خەلقىم كۆزىدىن ئاققان ياش توختار ئىدى.
غوجەمنياروۋدەك تەييار تۇرسام جەڭگە،
دۇتوۋلارنىڭ بىر نەچچىسى يوقار ئىدى.

ئۆمەر، ئىلىيا، خېلىللاردەك شېئىر يازسام،
قالمايتتى قەلبىمدە ئېيتالمىغان سۆزۈم،
بىلال،ھېزمەت،ھېزىمدەك تارىخ قازسام،
ۋۇجۇدۇمدا بولارمىدى بەلكىم تۆزۈم.

نۇزۇگۇمدەك قەھرىمانلىق بولسا بويدا،
ۋەتەن قەبرىگە كۆمۈلۈپ ياتماس ئىدى،
ئابدۇللادەك ئۈچقۇرلۇق بولسا ئويدا،
خەلقىم تېڭى يىغا بىلەن ئاتماس ئىدى.

ئامانىنساخاندەك مۇقامنىڭ گۈلى بولسام،
خەلقىمنىڭ مۇڭ-زارىنى كۈيلەر ئىدىم.
ئابدۇخالىقدەك خەلقىمنىڭ دىلى بولسام،
جان بېرىپ، «ئۇيغۇرۇم» دەپ ئۆلەر ئىدىم.

ئامما بولمىدىم، ئۇلاردەك بولالماسمەن،
شۇڭا دىلنى مىڭ ئۆكۈنۈش تىلغار كۈندە.
ئۇلار كەبى تارىختىمۇ قالالماسمەن،
ئەۋلادلارغىمۇ بولالمىدىم ھەتتا ئۈلگە.

ئۇلار كەبى پەرزەنت ئەندى تۇغۇلارمۇ؟
شۇ ئۈمىد، ئارزۇلار تىنچ قويماس مېنى،
ۋەتەن دۈشمەن ئازابىدىن قۇتۇلارمۇ؟
توختارمۇ سۇدەك ئاققان خەلقىم قېنى.

شۇندىمۇ ياشايمەن،كېلەچەك ئۈمىدىم بار،
يۈرىكىم ئەركىن سوقۇپ،كۈلەر جاھان.
ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر دائىم بولغاندا يار!
خۇشال كۈلۈپ چوقۇم بىر كۈن ئاتىدۇ تاڭ.



# شېئىرلار

ئاخمېتوۋا ئائىدا بەختىيار قىزى (قازاقىستان)

دەۋر تەرەققىياتىغا ماس قەدەمدە خىزمەت ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئاخمېتوۋا ئائىدا بەختىيار قىزى 1984 - يىلى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ غالجات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، قازاقىستان قىزلار دۆلەت ئىنستىتۇتىنىڭ دۇنيا تونۇش فاكۇلتېتىنىڭ خىمىيە ۋە بىيولوگىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇشىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، ھازىرغىچە №89 رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلماقتا. بۈگۈنكى كۈندە ئۇستاز تالاي ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ، ھايات يولىغا ئۇزۇتۇم قىلدى. ئۇ بىلىم ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە يىراقتىن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى بويىچە يۇقىرى ساپالىق بىلىم بېرىش مەقسىتىدە، بىر يىل مابەينىدە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ، ھازىر ئۈچ تىللىق مائارىپ بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرمەكتە.

ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، «ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى توختىماي ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ساپالىق بىلىم بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ئۆزىدە ھەر تەرەپلىمە ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى شەرت، مانا شۇ چاغدىلا ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيدۇ» دېگەن مەقسەت ئاساسىدا ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ ئىشلەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئائىدە بىر لاياقەتلىك ئانا بولۇپ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ‹ئۇشۇ-ساندا› تەنتەربىيە تۈرىدە بىر نەچچە قېتىم چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، كېلەچەكتە دۇنياۋى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

ئائىدەم بەختىيار قىزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا سەنئەت ۋە ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئەۋلاد تەربىيەلەشتىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ۋارىس» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، شېئىرلىرى «ئارزۇ بۇلاقلىرى» كىتابىدا، شۇنداقلا «ئىنتىزار»، «ئىجادكار»، «ئېھسان» ۋە باشقا ژۇرناللاردا، «ئۇيغۇر ئاۋازى»، « بۈگۈنكى ئاسىيا» قاتارلىق گېزىتلەردە نەشر قىلىنماقتا.

## مۇھەببەت

تۈننى سۈپۈرۈپ قۇياشمۇ چىقار،
ئىللىق مېھرىنى ئالەمگە چاچار.
سەن بىر دەقىقە ئېسىمگە كەلسەڭ،
كۆكسۈمدە يۈرەك دۈپۈلدەپ ئۇرار.

سەن بىر گۈل بەرگى مەن بولسام غۇنچە،
سۆزلىرىڭ مارجان تىزىلغان ئۈنچە.
ئاشىق بولدۇم مەن ئاڭلىغىن جاھان،
مۇھەببەت تاتلىق بولاركەن شۇنچە.

ئاھ، بىر سېزىم بار سۆزلىرىم يەتمەس،
ئىللىق كۆلكەڭمۇ قۇلاقتىن كەتمەس.
كۆزۈڭگە كۆزۈم تىكىلىنىپ تۇرسا،
شېرىن سېزىمدىن بولۇپ قالسام مەس.

نازلىنىپ تۇردۇم سېنىڭ ئالدىڭدا،
رومال ياغلىقىم يارىم قولۇڭدا.
بەختلىك بولۇپ ياشايمەنكى مەن،
پەقەت سەن بولساڭ دائىم يېنىمدا.

## كۈزدىكى يامغۇر

ئالتۇن جاھاننى يۇيۇپ بۈگۈنزە،
توختىماي ياغدى كۈزنىڭ يامغۇرى.
كۆل-كۆلچەكلەرگە سۇلار تولغىنىچە،
دىماقنى ياردى ئېسىل پۇرۇقى.

بۈگۈنكى ئەتراپ ئىنتايىن گۈزەل،
تەبىئەت سىرى مېھرنى چاچقاندەك.
بىباھا دۇنيا سېنىڭ قوينۇڭدىن،
يامانلىق كېتىپ،ياخشى قالغاندەك.

ياققىن! يىغىۋەر شاقىراپ يامغۇر،
سېنىڭ ئورنىڭنى قار ئىگەللىگىچە.
كىملەردۇر كۆرەر،ھە بىرلىرى يوق،
باھار يامغۇرى بولۇپ قايتقىچە.

## ئانىلارغا. . .

كۈلۈپ تۇرغان ھۆسنىدىن،
جاھانغا نۇر چاچقاندەك.
ھۇزۇر ئالغان مېھرىدىن،
كۆڭلۈم تولۇپ تاشقاندەك.

سىز كۈلگەندە ئالەمگە،
شادلىق كېلىپ قونغاندەك.
دائىم يۈرسە قېشىمدا،
ۋايىم كېچىپ كەتكەندەك.

ئامان بولسۇن ھەر دائىم،
مېھرى ئىسسىق ئانىلار.
كۈلۈپ يۈرسۇن ھەر دائىم،
كۆڭلى دەريا ئانىلار!

## يۈرەك بىلەن سۆھبەت

كۆكسۈمنى ئۇرار، دۈپۈلدەپ ھەر كۈن،
بىر نەرسىلەر دەر، باقسام ئۇنىڭغا.
«يەنە ئالدانىدىم»-دەپ قاتتىق ئۇ ئۈن،
ۋاپاسىز سۆيگۈ، پاتتى جېنىمغا.

پاك ئىدى سېزىم، سۆيگۈ بېغىدا،
لالە گۈللەردەك، چېچەك ئاچاتتى.
ئۆزگىلەر قاراپ، زوقلانسا بىزگە،
مۇھەببەت گۈللەپ، پۇراق چاچاتتى.

بۈگۈن شۇ باغقا، كېلىپ يەتتى كۈز،
غازاڭلار ئۇخشاش، تۆكۈلدى كۆز ياش.
سوئاللار كۆپتۇر، يە جاۋابى يوق،
بىزنىڭ سۆيگۈگە، پاتتىمۇ قۇياش.

ئازاب ئىلكىدە، قاپتۇ يۈرىكىم،
بارچە گۇناھلار، مۇمكىن ئۆزۈمدە.
بار شادلىقىمنى، ساڭا بېغىشلاپ،
سالغان ئازابقا ، كۆنگەنلىكىمدە !

## يەنە بىر ياش. . .

يەنە بىر ياش قوشۇلۇپتۇ يېشىمغا،
يېتىپتىمەن يېرىم ھايات قىرىغا.
تېخى ئاخشام گۆدەكلىكتە يۈرەتتىم،
چۆمۈلۈپلا غەمسىز ھايات سىرىغا.

ئاتا-ئانام،قېرىنداشلار بىر ھويلا،
جەم بولۇشۇپ چاي ئىچەتتۇق بىر جورا.
كۆڭلىمىز توق، غېمىمىز يوق ھەر كۈنى،
ئويۇن ئويناپ، ئۈچكە تىزىپ ھەم ياڭزا.

دادام كەلسە ئىشتىن كەچتە بەك ھېرىپ،
چۈشەنمەيتتۇق، ئېسىلاتتۇق بويىنىغا.
ئاپام بولسا ئىسسىق تاماق، چاي ئېتىپ،
ياتقۇزاتتى بىزنى ئاپپاق ئورۇنغا.

چۆچەك ئېيتىپ، پىچىرلىشىپ ئۇخلايتتۇق،
ئىنتېرنېتنى تېلېفوننى بىلمەيتتۇق.
سېغىنىمەن شۇ كۈنلەرنى ئويلىسام،
ئەڭ مۇھىمى، ھەممىمىز بىر يۈرەتتۇق.

نۆۋەتلىشىپ ئۇچۇپ كەتتۇق ئۇۋىدىن،
قېرىنداشلار ھەر ياقلارغا چېچىلدۇق.
كۆپ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن،
ھەر بىرىمىز ئۆزگىچە بوپ ئېچىلدۇق.

بەڭباشلىقىم، گۆدەكلىكىم سەن يىراق،
چېچىمىدىكى ئاق ئىزلارمۇ گۇۋاھچى.
يىللار ئۆتسە كۆڭۈل دېگەن ياش بىراق،
بېسىلاركەن پەقەت ياشقا ئىمزاسى!

## ئۈمىدىمنى ھەرگىز ئۈزگۈم كەلمەيدۇ

بۈگۈن مەندىن ئۈزۈلگەندەك ماغدۇرمۇ،
ئۇنتۇپتىمەن كۈلكەم بىلەن ياشاشنى.
مىڭ ئورىلىپ، كۆپ چىگىلگەن تەقدىرمۇ،
ئويلىماپتۇ مەن بەندىنى ئاياشنى.

بەخت نەدە؟ئىنسان ساڭا يەتكەنمۇ،
شوخ ئىلكىڭدە قېنىپ-قېنىپ كۈلگەنمۇ؟
ياكى ساڭا يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر،
ئازلىق قىلىپ بۇ دۇنيادىن كەتكەنمۇ؟

بۇ دۇنياغا سىناق ئۈچۈن كەلسەممۇ،
پۈتمەيدىكەن كۆڭۈللەرنىڭ ئاغرىقى.
بەخت ئىزدەپ مۇشۇ كۆنگە يەتسەممۇ،
كۆرۈنمەيدۇ شوخ كۈلكەمنىڭ بايرىقى.

كۆپ ۋاقىتلار چىداي مەيلى ئەلەمگە،
چىگىچ يوللار بىر كۈنلىرى تۈگەيدۇ.
يارىلىپتىمەن بۇ ۋاقىتلىق ئالەمگە،
ئۈمىدىمنى ھەرگىز ئۆزگۈم كەلمەيدۇ.

## ئەسلىدىم

تولۇن ئاينىڭ بۇلۇت يېپىپ يۈزىنى،
سىم-سىم يامغۇر،يېغىپ ئۆتتى تامچىلاپ.
كۆرەلمەسمەن يارىم بوۋگۈن ئۆزۈڭنى،
سېغىنىشنى يازدىم قۇرغا قاچىلاپ.

قالدى قانچە خۇشال ئۆتكەن شۇ كۈنلەر،
قول تۇتۇشۇپ،بىرگە يۈرگەن شۇ تۈنلەر.
يۇلتۇز كۆچسە كۆپ ئارمانلار قىلغانىدۇق،
باغ ئىچىدە ئېچىلغاندا كۆپ گۈللەر.

ئۆمۈر قىزىق، تەقدىر سىزىق ئامال يوق،
ئايرىلساقمۇ يۈردۈم سېنى سېغىنىپ.
بۇ ئۆمۈردە كىم ئۆتتىكىن كۆڭلى توق؟
مەن يۈرىمەن تەقدىرىمگە بېقىنىپ.

ئەسلىدىم يار، بوۋگۈن يەنە ئۆزۈڭنى،
ماڭا ئېيتقان ھەر بىر ۋەدە سۆزۈڭنى.
مەيلى ئۇنتاي ئۆتكەن بىرگە كۈنلەرنى،
ئۇنتالماسمەن كۈلۈپ تۇرغان يۈزۈڭنى.

# شېئىر يازمايمەن ئەمدى

باھارىستان

شېئىر يازغۇم يوق پەقەت،
ئەنسىرەيمەن مىسرالىرىمدىن.
سەن ئوقۇغان دەقىقىدە،
بىردىن يىغلاپ تاشلىشىدىن.

ئۈمىد قىلاتتىم شۇنچە،
زىناقلارنىڭ گۈلدەك ئېچىلىشىنى.
شېئىرلىرىمنىڭ يۇلتۇز بولۇپ،
دېرىزەڭدە دائىما ئېسىلىشىنى.

كەچۈر مېنى ئۆگىنەلمىدىم،
ئاق چايكىدىن باتۇر بولۇشنى،
كۆك دېڭىزدا پەرۋاز قىلىپ،
دولقۇنلارنى سۆيۈپ ئۆتۈشنى.

ھېچ شېئىر يازمايمەن ئەمدى،
يازمايمەن قۇياشنىڭ تۇغۇشىنى.
مەن كۆيگەن كەچكى شەپەق،
بېرەلمەس سەھەرنىڭ تىنۋشىنى.

ئاندىن تۇغۇلغاندا بىلمەسىز تۇغۇلدۇ،
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئىككى شېئىر

ئەركان (تۈركىيە)

## ئانا

ئەي ئىسسىمدە يېقىلغان گۈللەر پەريادى
يېقىنلا ماڭا ئىنتىلگەن دەمدىكى ئۈندە
ئۆتۈپ كەت بارچە ئىمكانسىزلىقتىن
ئېلىپ كەل ئۇ ئىللىق تىنىقلار شامىلىنى
سەن ياخشىمۇ؟... دەپ پىچىرلايدىغان...
ئېچىۋەت بۇ ئىسيانلار پەردىسىنى
چېچەكلەت
لېۋىمدە ئۇ سۆيۈلۈشنىڭ تاتلىقلىقىنى...

قىش رەھىمسىز ئەمەس،
شۇنىڭغا ئوخشاش
تورۇپ كەتكەن قارگۈلى ۋە زامان
لېكىن
نەقەدەر گۈزەل دەملەر ئىدى ئۇ؟!

مېھىرلىك ئالىقانلىرىڭنى ئۇنتۇيالمايمەن
قۇلاق تۈۋىمدە ئاۋازىڭنىڭ قوڭغۇراقلىرى
كۆتۈشتە تورىغان نەرگىس گۈلۈك
ئۆچۈۋاتقان بۇ ئۈنۈم كەبى...

ئەي مېنى يورۇتقۇچى نۇرلار جەۋھىرى
ئەنسىرىمە
يوشۇردۇم روھىمنى ئارزۇلىرىڭغا
چاچتىم جېنىمنىڭ بۇغدايلىرىنى
دۇئادىكى ئىپتىزلىرىڭغا...

ئېقىۋاتقان يۇلتۇز
كۆزەتمەكتە...(ئۈمىدكى سەن تورزۇمىغايسەن )
ياكى ئىزدىمەكتە
بۇ ھاياتتىن باشقا بىر نەرسە...

كېچە تىنىقلىرىڭدا كۆيمەكتە
سەندە ئوقۇلماقتا
خىيالىمىزغا كەلمىگەن غەملەر...
قايسى يول ئۇ بىز ماڭماقچى بولغان؟
قايسى كېچە ئۇ بىزنى يوشۇرماقچى بولغان؟
قايسى تاڭ ئۇ بىزگە يورۇمايدىغان ؟
ھەممىسى مەڭزىڭدىكى ئۇ دەريادا بولماقتا ئايان ...

ئەۋەتكەن شامالىلىرىڭدىن كۆردۈم
تۇغۇم ۋە ئۆلۈمدىكى روھ ئازابىنى
سۆيگۈ - نەپرەتنى، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششىنى...
شۇنداق تورۇپمۇ دېيەلمىدىم يەنىلا:
ھالىڭ نېچۈك ئەي پەرىشتەم ئانا؟!

## دادا

لېۋىڭدىن چاقنىغان غېرىبلىق ھىدى
كۆزۈڭدىن باشلىنىپ
جەننەتكە تۇتاشقان دەريا
تىنىقىڭدىكى دەزاخنى ئۆچۈرگۈدەك «ئۇھ...»
سېنى پاكلاۋاتقان بۇ دەملەردە
سەن بىلەن بىللە بولالمىدىم
ئاللاھ بىلەن سەنلا يالغۇز ئۇ قاراڭغۇدا...

*

سەن دۇنيانى يۈدۈپ ماڭغان شۇ دەمدە
مەن ئۇنىڭ بېغىدا سەيلىدە ئىدىم
سەن مېنىڭ غېمىمدە ئىڭىلگەن چاغدا
مەن كۈلدۈرۈۋاتقان ئۆزگە يۈزلەرنى
بەكلا كۆپ قارمۇ- قارشى پەيتلەرنى ئۆتكۈزدۇق...
ئەمدى مەن ھەسرىتىڭدە بوغۇلغاندا
سەن ئاشۇ قاراڭغۇدا مۇناجاتتا...

بۇ رەت قولۇڭغا سۆيەلمىدىم
ئىزىڭنى تاۋاپ قىلالمىدىم
بىر يارىماس ئىكەنلىكىمنى
ھېس قىلدىم چوڭقۇر
ئىسمىڭنى توۋلاشقا جۈرئەت قىلالماي...

*

ھەر سەھەر
ئۇپۇقۇمنىڭ قۇياشى ئىدى ئاۋازىڭ
باغرىڭدا ئۈنلىگەن بىر دەمدەر ئىدىم...
بۇ سەھەر
ئەڭ بوغۇق بىر ئۈندە ئۈنلەۋاتىمەن:
راھەتلەرنى قالدۇرۇپ ماڭا
يۈدىۋېلىشقا بارچە دەردلەرنى
قانداق چىدىدىڭ ئەي سۆيۈملۈك باغرى تاش دادا؟!

# مۇناجات

ئابدۇسالام تەكلىماكان (تۈركىيە)

ساڭا سانسىز سانا يا رەب! نەپەس ئالغانچە ھەربىر جان،
مىدىرلاپ ماڭسا ھەر جانلىق، تومۇردا ئاقسا ئىسسىق قان.

ھەمدىڭگە تىللار ئاجىزدۇر، زىكرىڭدىن بۇ دىللار بىگان،
ئىستىغپار ئېيتقىلى يا رەب! قۇلۇڭغا بەرگىن مىڭ ئىمكان.

ھىدايەت مەڭگۈ سەندىندۇر، بۇڭا دىلىمدا بار ئىمان،
ساڭا يېقىنلىشاي دېگەچ، كۆزۈمدىن ئاقتى ياش ۋە قان.

ساڭا ھەمد ئېيتىبار بۇلبۇل، سەھەردە چەككەندە پىغان،
زىكرىڭگە تەشنادۇر ھەتتا، بۆرە، يولۋاس، توخۇ، توشقان.

يۇلتۇزمۇ ساڭىلا تالىق، ساڭا تەلپۈنەر كەڭ ئاسمان،
دەرەخمۇ سېنىڭ زىكرىڭدە، سىلكىنىپ تۇرىدۇ لەرزان.

سېنىڭ زىكرىڭ بىلەن مەۋجۇت دېڭىز، دەريا كەڭرى ئوكيان،
تۇپراقمۇ، قۇممۇ سېنى دەر، سۆيگۈڭ كۆزلەيدۇ ھەربىر دان.

رەھمىتىڭ كەڭرىدۇر شۇنچە، گۇناھىم ھەممىگە ئايان،
قۇلۇڭنى سۆيۈندۈر يا رەب، شەرمىسار بولسۇن ئۇل شەيتان.

رىزايىڭ كۆزلىدىم يا رەب، ئاقتى بۇ كۆزدىن ياش ۋە قان،
ئازاد قىل دوزاختىن يا رەب، ئىنئام قىل جەننىتى رىزۋان.

2020 - يىلى 27 - ماي، ئىستانبۇل

# ئىككى شېئىر

ئىمران سادائىي (تۈركىيە)

## ئۆمۈچۈك تورىدىكى

(ئەركانغا ئاتاپ)

سېنى پۈتمىغا ئېسىلغان ھالدا كۆردۈم
ئۇيقۇسىز كېچەلەرنىڭ.
سېنى پۈتمىغا ئېسىلغان ھالدا كۆردۈم
كۆك رەڭدە چۈشلەرنىڭ.
سېنى پۈتمىغا ئېسىلغان ھالدا كۆردۈم
مۇزىكىنىڭ
يۈرەك كېسىلىدەك بىر مۇزىكا...
سېنى پۈتمىغا ئېسىلغان ھالدا كۆردۈم
يوشۇرۇنچە
ئۆلۈمنىڭ...

شېئىرنىڭ بوقۇلداپ يىغلىشى كۆرۈندى
سېنىڭ پۈتۈڭغا ئېسىلغان ھالدا.

## مەخپىيەت

ئەي تۇمان
قوس!
قوسۇۋەت ئىسمىمنى...

ئەي قاراڭغۇلۇق
سىقىپ چىقىرىۋەت ئىچىڭدىن
مېنى...

ئەي شېئىر
ئەمدى جۆيلىمە
مەندىكى ئەبلەخنى...

# شېئىرلار

مۇھەممەت ياروۇق (تۈركىيە)

## شامالLاردىن ئۆتۈنۈش

مەن بۈگۈندە ئېزىلگەن ۋۇجۇد،
ئەتىلەرگە ئىشتىھايىم يوق.
مەن ئۆزۈمدىن ئادىشىپ كەتتىم،
بولۇپ قالدىم ئۆزۈمگە ئوشۇق.

ئۇچۇرۇۋېلار مېنى شامالLار،
قايتىۋالاي ئۆزۈمگە تولۇق.
تۇرغۇم كەلمەس ھېچيەردە چۈنكى؛
ھېچبىر يەردە ماھىيىتىم يوق.

ئىزغىرىنلار ئىستىكىم شۇدۇر؛
يۈرىكىمنى يۇيۇپ قويۇڭلار.
ئارتۇق نەرسە كۈتمەيمەن ھەرگىز،
مېنى ماڭا ئۇرۇپ قويۇڭلار.

ئۇچۇرۇۋېلار مېنى سەلكىنلەر،
مەن ئۆزۈمسىز ياشىيالمىدىم.
ھېچنېمەم يوق ئىشقىمدىن بۆلەك،
بۇرۇن باسقان يوللىرىم ئۈچۈن.

يۈرىكىمنى تۇتتۇم سىلەرگە،
يوشۇرغۇم يوق كۆڭلۈم سىرىنى.
كۆرەشلەرنىڭ باغرى ئىزىلدى،
تاپالماي مەن قايتا ئۆزۈمنى.

مەن ئۆزۈمنى تاپالمىغانچە،
دەۋر بولدى چەنلەنگەن بىر ئوق.
ئاھ شامالLار، ئەركىن شامالLار،
مېنى مەندىن قويماڭلار قۇرۇق.

25 -ئاۋغۇست

## بۇ كېچە

بۇ كېچە ھىجراندا ئۆرلىدى ئاھىم،
تورۇسلار گۇۋاھچى چەككەنلىرىمگە.
ئۆزۈمنى تاپالماي ئۆزۈم-ئۆزۈمدىن،
بەزىدە ئۆزۈمدىن كەتكەنلىرىمگە.

قەلبىمنى ئۆرتىگەن ھىجران ھېسىنىڭ،
ئۈگە-ئۈگىلەردىن ئۆتكەنلىكىگە.
سۇنۇق كۆڭلۈمنىڭ قايغۇلار ئىچىرە،
ئوخشاش تاڭلارنى كۈتكەنلىكىگە.

تېنىمنى ئۆلۈمگە سۆرەپ مەيۈسلۈك،
ئۈمىد تىنىقىنىڭ ئۆچكەنلىكىگە.
قايغۇلار چېچەكلەپ سۈبھىگە يېقىن،
ئېسەدەپ يۇم-يۇم ياش تۆككەنلىكىگە.

29 - ئاۋغۇست

## ئاق ۋە قارا

كۆزۈمنى ئاچسام بەتبەشىرە دۇنيا،
كۆزۈمنى يۇمسام قاراڭغۇ دوزاخ.
ھېچكىمشى تىرىك كەتمىگەن جاھان؛
جەسەتتەك پۇرايدۇ تولغىنىپ گۇناھ.

قايناق شەھەرنىڭ كوچىلىرى چۆل،
چۆللەردە چېچىلغان ئۈمۈرلەر بىتاپ.
ئۆلۈكلەر تىرىكتۇر كۆزۈمنى يۇمسام،
تىرىكلەر ھاڭگېرت پېيىدەكلا تاپ.

ئۆمۈرنى مارىلاپ يۈرۈيدۇ ئۆلۈم،
ئۆمۈرلەر ئۆلۈمنى چوقۇپ قاقىلداپ.
تۇغۇلۇش ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى، يارى،
تىنىقا ئەگىشىپ يۈرەر سوكۇلداپ.

تېنىدە مۇھەببەت چىقىلغان چاك-چاك،
شېئىرلار ئېسىلغان دارغا بىسوراق.
لېۋىگە تۈمەنمىڭ يارەن ئېسىلغان،
قاتىل ئەينەكلەر ۋىجداننى غىرداپ .

سۈكۈتتە سالپىيىپ تۇرىدۇ كۈندۈز،
كۆزۈمنى ئاچسام ئېغىر ئۇھسىنغاچ.
تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ، بۈگۈن ئەتىنىڭ؛
قەدىناس نىگارى ئۆلۈمدە ھەرۋاخ.

31 -ئاۋغۇست

# مېھمان

(ھېكايە)

ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان)



كەڭتاشا، ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتساق، زامانىۋى سېلىنغان كافېدا* ئولتۇرىمىز. شامالدۇرغۇچتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامالدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى سالقىن بولۇپ تەنگە ئارام بېغىشلايتتى. سىرتتىن، 30 گىرادۇس ئىسسىقلىقتىن ئېزىلىپ كىرگەن ئادەم بېھىشتىن ئورۇن تەگكەندەك ھېسسىياتقا چۆمىدۇ. نەزىرگە بالدۇرراق كەلگەن مېھمانلار راھەتلىنىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ، ھەتتا گاھىلىرىمىز نېمىگە كەلگىنىمىزنى ئۇنتۇغاندەك چاقچاقمۇ قىلىشىۋاتىمىز. ئۇدۇلۇمدا ئاق يۈزلۈك، يېگەن-ئىچكىنى سىرتقا تېپىپ تۇرغان قاراقاشلىق، كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ.

ئۇنى يىراقتىن بىر نەچچە قېتىم كۆرگىنىم بار. بۈگۈنكى نەزىر بېغىشلانغان كىشىنىڭ باجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئاڭلىغىنىم، ئۇنىڭ چېگرا ئاتلاپ تۇرپاندىن كەلگەنلىكى، بىزنىڭ دىياردا تىجارەتچىلىك قىلىپ يۈرگەن «مېھمان» ئىكەنلىكى. يادىمغا باجىسىنىڭ «مەن مۇشۇ باجامغا ھەيران قالىمەن. ئاتا-ئانا، قوۋم -قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ چىقىپ، ياقا يۇرتلاردا خوتۇن ئېلىپ، بالا-چاقىلىق بولدى. بىززە، مۇشۇ دىياردا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ، ھەممە نەرسىمىز تەل-تۆكۈس بولسىمۇ، خوتۇن ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر نېنىمىز ئىككى بولماي ئۆتۈۋاتىمىز. يە، پۇل بار يەرگە «ماڭغان ئاياققا توپا يۇقىدۇ» دېگەندەك، بەخت بىلەن خوتۇنلار چاپلىشامدىكىنتاڭ. ئەيتاۋۇر، چۈشەنمىدىم. قارىساڭ، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، تېلېفونى قولىدىن چۈشمەيدۇ. دائىملا بىزنىڭ ئەمەس، ئۇ ياقنىڭ تىلىدا سۆزلىشىدۇ، چۈشەنمەيسەن. چۈشكىچە ئۇخلايدۇ، كېيىن «مېھمانغا چاقىرىپتۇ» دەپ كېتىپ، تۈن يېرىمىدا قايتىدۇ. ماڭغان-تۇرغان يېرى ئويۇن - كۈلكە. پۇلنى قانداق تېپىپ، قايسى ھۆكۈمەت ئۇنى بېقىۋاتقىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. تەڭشەلمىگەن دۇنيا دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ» دېگەنلىرى كەلدى.

خىيال بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەپتىمەن، بىپەرۋالىق قىلغىنىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گۇناھنى قۇلىقىمغا ئارتتىم، ئىككى دىلىك-دىڭنى شەرەت قىلىپ تۇرۇپ «قاتتىقراق سۆزلە» دېدىم-دە، دىققىتىمنى ئەمدى مېھمانغا قاراتتىم.

-قېزىلار يۇمشاق پىشىپتۇ، سېمىزلىكىنى قارا، - دېدى ئۇ تاۋاقتا چىرايلىق تىزىلغان قېزا، قارتىلارغا ئاچ بۆرىدەك كۆز تاشلاپ.

-ھە، ھازىر توقچىلىق زامانغۇ. بازارغا كىرسەڭ ھەممە بار. ئالامسەن، يەمسەن سوراق يوق. پەقەت پۇلۇڭ بولسا جاڭگالدا شورپا،-دېدىم كۈلۈمسىرەپ.

-مۇشۇنداق قېزىنى بىر ئولتۇرۇشۇمدا يەۋېتىمەن،-دېدى ئۇ، بىلىكىنى جەينىكىگىچە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ماختانغاچ.

-چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، يېگەن-ئىچكەندەك، دېدىم ئۇنىڭ قىر-قىر بولۇپ ئېسىلىپ قالغان بويىنىغا

* كافې: قازاقىستاندا «رېستوران» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. (ت)

قارىغاچ، — بايىقىسىلا، تەخسىدە قېزا ئاز ئىكەن، مېنىمۇ قوشۇپ يەۋەتمىسىلە، —دەپ قوشۇپ قويدۇم. يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى ئىدىم، لېكىن كېيىن رايىمدىن قايتتىم.

—مېنىڭ باجام شائىر بولىدىغان، بىر كۆينىكى ئىككى بولماي ئۆتتى. ئىسىت، شۇمۇ ئۆمۈرمۇ. يەنە «مەن ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيسى» دەپ قويىدۇ. مانا، ماڭا ئوخشاش پۇل تېپىشنى، ياشاشنى بىلىش كېرەك، — دەپ بىقىنىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئۇستەلنىڭ ئاستىدا بولغاچقا بايقىمىغان ئىكەنمەن، ھازىر بىر تەڭنە ماي سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى، ئۇنى پەقەت تىرىشىپ تارتىلغان كۆينەك تۈگمىلىرىلا تۇتۇپ تۇراتتى.

شائىرغا مۇناسىۋەتلىك گەپ تېپىشىلىۋىدى، ئويلىرىم يىراقلارغا كېتىپ قالدى. شائىر مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى. ھازىرقى زاماندا دوست-قاياشلارنىڭمۇ تۈر-تۈرى پەيدا بولدى. ئىلگىرى بىر نەچچە جان ئاغىنەڭ بولسا، ھازىر نان ئاغىنىلەر ۋاچچىدە كۆپىيىپ كەتتى. ئەمدى مېھمان سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭمۇ تۈرى كۆپەيدى. «گاھىدا مېھمان كېلۇر قۇچاقلاپ سۆيگۈدەك، گاھىدا مېھمان كېلۇر كەينىگە كېلىشتۈرۈپ تەپكۈدەك» دېگەن ماقاللارمۇ بىكاردىن چىقمىدى. ئۆزۈڭنىڭ ئايالىڭنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاغىنىلىرىڭ، قوشنىلىرىڭ-بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىن مېھمانلار قاتارىغا ياتىدۇ. باشقا شەھەردە تۇرغۇچى تۇغقانلىرىڭمۇ ئالاھىدە مېھمان. ئەمدى قەدىمي ئۇيغۇر دىيارىدىن چىقىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار بىز ئۈچۈن ئىككى ھەسسىلەپ ئەزىز مېھمانلار ھېسابلىنىدۇ- دە !؟ ئۇلار تۇغۇلغان يۇرت ، ئاتا-ئانا، ئەزىز دىيارىنى تاشلاپ تىرىكچىلىك دەردىدە يۈرگەن بىچارىلەردۇر . ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرغىنىڭدا گېپى، شىۋىسىدىن ۋەتىنىڭ پۇرىقى دىمىقىڭغا ئۇرۇلىدۇ. راھەتلىنىپ قالىسەن. «بۇغداي نېنى بولمىسىمۇ بۇغداي سۆزى» بىلەن دىلغا ئارام بېغىشلاپ، قەدىمي ، مىڭ يىللىق تارىخىمىز، ئەدەبىياتىمىز، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىمىز، ئۆرپ -ئادەتلىرىمىز ھەققىدە تەۋرىنىپ سۆزلەيدىغان بولسا، كۆزلىرىڭدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداپ كېتىدۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مېھمانلارغا چاندۇرماستىن ئاستا چىقىپ كەتتىم. بايامقى ھەرىكىتىم بىلەن دەلىللىمەكچى بولغىنىم، دىلى نازۇك شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ۋەتىنىنى، ۋىجدانىنى، پاك دىلىنى پۇلغا ساتقان مۇنداق ئىنسابسىز، يىرتقۇچ ھايۋان قىياپىتىدىكى «مېھمان»لار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ سېزىپ، چىرىغان قەلبىگە يەتكۈزۈش ئىدى...

—ئوھۇ، قازاقىستان سىلىگە ياققان ئوخشىمامدۇ، بىر ئىشەكنىڭ قارنىنى ئېسىۋاپلا. ۋەتەنگە بارغاندا تاماق يېمىسىلىمۇ، بىرنەچچە يىل ئىچ ماي بىلەن جان باقىدىغان ئوخشايلا، — دېدىم.

—گېپىڭىزگە قۇلاق سالسام سىز ياز-ئىم-ئىمىشقا ئوخشايسىز، —دەپ بىر تۈرلۈك ئالىيىپ قارىدى ئۇ ماڭا.

ئۇنىڭ رەنجىپ قالغىنىنى بىردىن چۈشەندىم. چۈنكى كېيىنكى گەپلىرىدە تېرىكىشنىڭ ئالامەتلىرى سېزىلىپ، دۇدۇقلاشقا باشلىدى.

—توغرا دېدىڭلا. مەن باجىلىرىنىڭ يازغۇچى ئاغىنىسى، — دېدىم.

—مۇشۇ يازغۇچى- شائىرلارنى زادىلا ياقتۇرمايمەن، ئۆچ كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ئەمدى تۈكۈرگىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ كەلگەنلىكى تېخىمۇ بايقالدى. تەخسىدىكى قېزىنى ئەتراپىدىكىلەرگە قارىمايلا، سېمىزلىكتىن ئىششىغان بارمىقى بىلەن قوشلاپ تۇرۇپ ئېلىپ ئاغزىغا تىقتى. يادىمغا دەرھاللا ئاغىنەمنىڭ كېسىلى كەلدى، ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەنت كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغان. «بىلەمسەن، بۇ قەنت كېسىلى دېگىنىڭ خەتەرلىككەن. بىرسى ماڭا ئوخشاش ئۆزىدىن ئۆزىلا قۇرۇپ تۈگىسە، يەنە بىرلىرى «ئوپقان» ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولىدىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىشتىيىنى توختىتالماي، تېرىكسىمۇ، خۇشال بولسىمۇ يەۋېرىدىكەن» دېگەن ئىدى ئۇ.

مېھماننىڭ كېسىلى بارلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. خىجالەتچىلىكتە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم.

—نېمە قارايسەن؟ قىيسىق قارىغان كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن. كۈچ-قۇۋۋەت، پۇل مەندە يېتەرلىك، —دېدى ئۇ قېزىنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى تۆشۈكتەك ئېچىلغان ئاغزىغا كەپلەۋېتىپ.

—ئۇكا، گېپىڭ توغرا. مۇنۇ بەستىڭ بىلەن كۆزۈمنى ئويۇۋالماق تۈگۈل، بېشىمنى ئۈزۈۋالىدىغانغىمۇ ماغدۇرۇڭ يېتىدىغانغا ئوخشايدۇ. قول قويدۇم ساڭا، —دېدىم.

ئەمدىلىكتە ئەتراپىمدا ئولتۇرغانلارمۇ بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سېلىشماقتا ئىدى.

—ھە، يازغۇچىلار قورقۇنچاق كېلىدۇ. تېخى، شائىرنىڭ ئاغىنىسى مەن، دەيدۇ.

—ئۇكا، گەپنى مۇشۇ يەردە توختاتساق، قانداق؟— دېدىم سەۋر بىلەن، — بۈگۈن نەزىر، نەزىرچە بولسۇن.

—يەنە قايتىلايمەن. يازغۇچى-شائىر بىزگە كېرەك ئەمەس، —دېدى ئۇ تېرىكىپ.

خەپ، دەيمەن ئىچىمدە. نەزىرنىڭ

داستىخىنى بولۇپ قالدى، بولمىسا...

–ئۇكا، مىللەتنىڭ ئىپتىخارى بولغان شائىر، يازغۇچىلارغا تىل تەككۈزمە. شائىرلار سېنىڭ شەنىڭگە شارقىرىتىپ قويغانمۇ يە؟ يە يەۋاتقان بىر پارچە نېنىڭنى تارتىۋالغانمۇ؟

–تارتىپ كۆرسۇنا، ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قويىمەن، –دېدى مېھمان گېدەرەپ.

–بايقاپ سۆزلىسەڭ قانداق، ئۇكا؟ – سوئال تاشلىدىم يەنە، – قەيەردە، كىمنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغىنىڭنى ئۇنتۇما...

–بايقاپ سۆزلىمىسەم نېمە قىلاتتىڭ؟ سەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟

–ھوي، ئۇكا. سەن ئالدى بىلەن يازغۇچى نېمە يازىدۇ، شائىر نېمە يازىدۇ ئايرىۋال. شۇنىدىن كېيىن ئاغزىڭنى بۇلغىساڭ بولامدىكىن؟ – دېدىم.

–ئۇلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ جېنىنى ئاران بېقىپ يۈرگەن تىلەمچىلەر ئۇ.

– توختا، ئۇكا. ئۇنچىمۇ قاتتىق كەتمە. قازاقىستانغا كېلىپ ئۆزەڭ بىرەر كىتاب ئوقۇدۇڭمۇ ؟

–يېزىقىڭنى بىلمىسەم...

–سۆزىڭگە قارىغاندا، ۋەتەندىكى يازغۇچى–شائىرلارنىڭ شەنىگە تېگىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

–قەيەرنىڭ بولسىمۇ ماڭا ئوخشاش.

–كۆپۈرلۈق قىلما ئۇكا، ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل...

–ھازىر دېموكراتىيەدە ياشاۋاتىمەن، نېمە دېسەم ئىختىيارىم.

–قازاقىستاندىكى دېموكراتىيەنى بىلىۋالغىنىڭنى قارا، ئۇنى مەن دېسەم بولاتتى.

–ئاغزىمنى ياپالمايسەن. پىكرىمدىن قايتمايمەن.

–ئۇكا، كونىلارنىڭ «كۈچۈكنى كۈچۈكۈم دەپ ئەركىلىتىپ، سىلاپ قويسا ئۇياتلىق يېرىنى كۆرسىتىپتۇ» دېگىنى بار. سېنى ئەزىز ۋەتەندىن كەلگەن مېھمان دەپ ھۆرمەتلىسەك، تازىمۇ گىدەرەپ كەتتىڭغۇ؟

–گېدىيىمىزدە! مانا، بىز ئوغۇل بالا، چېگرا ئاتلاپ كېلىپ پۇل تېپىۋاتىمىز. سىلەرچۇ؟ خەققە مالاي بولۇپ يۈرىسەن. يە يېگىنىڭنىڭ، يە كىيگىنىڭنىڭ تايىنى يوق، قەلەندەرلەر.

خەپ، دەيمەن غەزىپىمىزدىن سەل–پەل قايتىپ. مۇنۇ كۆكەمنىڭ نېمە دېگىنى؟ «بىر تال قۇمىلاق بىر قېرىن ماينى چىرىتىدۇ» دەيدىكەن. ۋەتەندىن كەلگەن مېھمان دەپ قويساق، ئەدەپ كەتكىنىنى قارا. بۇنىڭغا سۆز ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەتراپىمدىكى مېھمانلارغا بولا ئەسەبىمنى بېسىشقا توغرا كەلدى.

–ئالللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە رازىمىز، ئۇكا. ئەمما مىللەتنىڭ تىلى بىلەن دىلىنى ساقلاش يولىدا جان تالىشىپ يۈرگەن ئەزىمەتلەر ھەققىدە گەپ قىلغاندا ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ سۆزلىسەڭ ئوبدان بولاتتى.

– چايقىماي گەپ قىلسام نېمە قىلاتتىڭ؟ دەپ باقە! قولۇڭدىن كەلگىنىنى كۆرەي.

ئاپلا، دەيمەن ئىچىمدە. ئادەملەر كافىرغا لىققىدە تولۇشقا باشلىغان بولۇپ، قاتتىقراق ۋارقىراپ گەپ قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۇيات. يەنە بىر ئەيمەنگىنىم، ئۇ چېگرا ئاتلاپ ۋەتەندىن كەلگەن مېھمان، بۇ دىياردا ئۇ مۇساپىر. بىز قول - قانات بولۇشىمىز كېرەك. جان بېقىش كويىدا «بىكار پۇلنىڭ» قۇلى بولۇپ يۈرگەن ئۇنى بىز «ھە–ھۇ» دەپ قوللىمىساق كىم قوللايدۇ؟ ئەسلىغۇ، ۋەتەن ئۇقۇمى بار ھەر قانداق ئىنساننىڭ دىلىدا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن خاسىيەتلىك يېرىگە، ئادىمى، ئۆلپەت -زىيالىيسىغا ھۆرمىتى، مېھىر–مۇھەببىتى بولىدىغان. مىللىتىمنىڭ ئەزىز تىلى، تارىخى، ئۆرپ –ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچ سېلىۋاتقان نازۇك دىللىق شائىر، يازغۇچىلارنى قارىلايدىغان مۇنۇ كۆكەلتەيىنىڭ گېپىنى قارا؟ يە، بىزنى بوزەك قىلغۇسى بارمۇ؟ ھەي، مۇنۇنىڭ ئۆز مەيلى ئەمەس.

ئۇنىڭ دوللاردەك كۆكەرگەن چىرايىغا قاراپ «تووۋا»، دەپ ياقامنى تۇتتۇم. مىللىي مەدەنىيىتىم بىلەن ئۆرپ –ئادەت، تارىخ، سەنئىتىم كانىدىن كەلگەن مۇنۇ مېھماننىڭ نېمە دېگىنى؟ شائىر، يازغۇچىلىرىمىز ھەققىدە سەلبىي پىكىردە يۈرگەن «مېھمان» نىڭ قەدىمىي ئەدەبىياتىمىزدىن خەۋىرى يوقمىكىنە؟ قەيەردە ئوقۇپ، بىلىم ئالغان ئىنسان بۇ؟ ( ئەگەر ئىنسان دېيىشكە لايىق بولسا) خەيرىيەت، مۇنۇ داستىخانمۇ شائىر روھىغا بېغىشلانغانغۇ؟ ئەگەر شائىرنى ھۆرمەت قىلمىساق، ئۇنىڭ روھىغا باش ئەگمىسەك، نېمە دەپ كەلدىڭ؟ قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنما؟ مۇنۇنىڭ ئالمىدەك كىچىككىنە يۈرىكىنىڭ ئورنىدا دوللار بەلگىسىنى ئىپادىلەيدىغان قوش يىلان بار ئوخشىمامدۇ؟ بۇ ئادەم ئەمەس، تۇرغانلا بىر ھەزىلەك ، ساتقۇنغۇ؟ ئەگەر بىز، بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز روناق تاپمىسا، دېمەك، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «كالتە» چاپانلارنىڭ كاساپىتىدىن ئەمەسمۇ؟

قېنىم قايناپ، ئاران تۇرغىنىمدا يەنە بىر ۋەقەنى ئاڭلاپ قۇلىقىمنى شۇ ياققا ياقتىم.

– « بالا– بالىنىڭ ئىشى چالا» دېگىنى راست ئىكەن، – دەپ سۆز باشلىدى بىزدىن بىر نەچچە ئادەم نېرى ئولتۇرغان مويسىپىت، – قارىماسىلەر، كېچە بولغان شەرمەندىچىلىكنى. تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك ئىككى ياش بالا كەينىنى ئويلىماستىن پۇل داۋاسى قىلىپ، بىرى يەنە بىرىنى ئېتىۋېتىپتۇ، بىرى ئۇ دۇنياغا «مېھمان» بولۇپ كېتىپتۇ. ھەسرەت كىمگە كەلدى؟ ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ئۆي–ئوچاقلىق بولغان ئائىلىسىگە. ئايالى تۇل، بالىلىرى يېتىم، بېقىپ چوڭ قىلغان، ياشانغاندا دۆلىتىنى كۆرەرمىز، دەپ ئارزۇ–ئارماندا يۈرگەن قېرى ئاتا–ئانىسى قايغۇدا قالدى. ئويلانماستىن باسقان قەدەم ھەممىنى ئازابقا سالدى. ھەي، شۇ شور پېشانىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرگۈدەك بىرەر ئىنسابلىق ئادەملەرنىڭ بولمىغىنىدىن شۇنداق بولغانمۇ؟. «قويۇڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار» دېگۈچىلەر چىقمىغانمىدۇ؟ ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمانغۇ؟ بىرى ئىككىنچىسىنىڭ جېنىنى قىيىپ ئۆلتۈرۈۋاتقاندا خۇدادىن قورقمىغاندىمۇ؟ بۇ نېمە ئالامەت؟ جاھىللىقنىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەكقۇ، ئاخىر. ئەڭ بولمىغاندا، ئەركەكتەك مۇشت ئېتىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلسا بوپتىكەن.

ئولتۇرغانلار ياقىلىرىمىزنى تۇتۇپ تۇۋا ئېيتىشتۇق. شۇ ئارىلىقتا ئىمام قۇرئان باشلاپ، تاماملىدى. خىيالىم يەنە ئۇدۇلۇمدىكى مېھمانغا ئاغدۇرۇلدى. ئۇ ئالدىغا قويۇلغان قونچىسىغا قىيزا ۋە توخۇ گۆشلىرىنى تولدۇرۇۋاپتۇ. نېمەتلەرنى ئاغزىغا سالغاچ، كۆشەپ ئولتۇراتتى.

«تۇۋا، شائىر، يازغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ھەزىلەكنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىگە ئۆلەمسەن، ئۆچەمسەن؟ نېمە قىلىش كېرەك؟ يە، بايىقى مويسىپىتنىڭ «مۇشت بىلەن ھەل قىلسا بوپتىكەن» دېگىنى توغرىمۇ؟» مېھمانغا قارىدىم.

–نېمە قارايسەن؟ كۆزۈڭنى چەكچەيتمە! دەپ باقە، قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ زادى؟ – دەپ تەكرار سوراپ قالدى ئۇ شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ.

سۆزىگە بار كۈچۈمنى يىغىپ چىداپ ئولتۇرغان بولسامۇ، شۆلگىيى يۈزۈمگە چاچرىغاندا، خۇددى شالاقىدە تۆكۈرگەندەك سېزىلىپ، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىمغا ئاپپاق سەمرىگەن يۈزى، ھۈرپەيگەن چىرايى كېلىۋىدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئايلاندۇرۇپ سالغان بىر مۇشتتىن كېيىن، سېكۇنت ئىچىدە ئۇ غايىپ بولدى!

ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان ئىدىم، پەقەت ئۆپ–چۆرەمدىكىلەرنىڭ «ھاي–ھېيىدىن» ھۇشۇمنى يىغدىم «نەزىر بولۇۋاتسا نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ مەسىلىنى كېيىن، سىرتقا چىقىپ ھەل قىلساڭلار بولار ئىدى» دېگۈچىلەر چىقتى. ئۇلار توغرا دەيدۇ، مەنمۇ تامامەن قوشۇلىمەن. ئەمما، ئاتا–بوۋىلىرىمىزنىڭ «تۆمۈرنى قىزىغىدا سوقۇش كېرەك» دېگىنىگە ئىتائەت قىلساق، مىللىتىمىز ئارىسىدا غۇرۇرى، ۋىجدانىنى سېتىپ جېنىنى بېقىۋاتقان ھەزىلەكلەرگە مۇشۇنداق جاۋاب بېرىش كېرەك ئىكەن. بەلكىم بۇ ئويۇم خاتادۇر، ۋەياكى توغرا. ئۇنى باھالاش سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا.



# ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى

مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (تۈركىيە)

ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىلمىي بولسا ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئىنسان ھاياتىنى ساغلام ساقلاشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى نورماللاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ئادەمنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى (تەبىئەت كۈچى) كۈچلۈك بولغاچقا ئاسانلىقچە كېسەل بولمايدۇ. كېسەل بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاسانلا تەلتۆكۈس ساقىيىپ تېزلا ئەسلىگە كېلەلەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر قېرىسىمۇ روھلۇق، ساغلام، كۈچلۈك ھالەتتە چىرايلىق قېرىيدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق كىشىلەر توپىدىن چىققان. شۇڭا ھازىرقى زامان تېببىي خادىملىرى ئادەم بەدىنىنىڭ ئاناتومىيەلىك تۈزۈلۈشى، فىزىلوگىيەلىك خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئادەم 120 ياشقا كىرىپ ئۆلسە نورمال ئۆلگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلسە ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماي مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆلگەنلەر ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

خەلقئارالىق مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ گۇاڭشىدىكى باما، شەرقىي تۈركىستاندىكى خوتەن، پاكىستاندىكى خۇنزا، رۇسىيەدىكى زاكاۋكازى، ئېكۋاتوردىكى بىلكابامبا قاتارلىق بەش جاينى «دۇنيادىكى بەش چوڭ ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتى» ① دەپ بېكىتتى. ئۇ يەرلەردىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرىنىڭ قان ئەۋرىشكىلىرىدىن بايقىلىشىچە، 100 ياشتىن ئاشقان بوۋايلارنىڭ قېنى تەركىبىدىكى ئالاقىدار ھورمۇنلارنىڭ سەۋىيەسى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن 25 تىن 40 ياشقىچە ياش ئىكەن. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جىنسىي ھورمۇنلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى بولۇپ، ئۇلار يەنىلا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن ②. تەكشۈرۈلگەن ياشانغانلار ئىچىدىكى 105 ئادەمدىن 91 ئادەم ئۆمرىدە تاماكا چەكمىگەن، 86 ئادەم ھاراق ئىچمىگەن. 100 ياشلىقلارنىڭ 99 پىرسەنتى ئورۇق بولۇپ، سېمىزلىك كېسىلى ۋە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولمىغان.

«دۇنيادىكى بەش چوڭ ئۆمۈر چولپانلىرى يۇرتى» غا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىدە، ئۇ يەردىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئىچىدە ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار كۆپ ئىكەن. دېمەك، ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغانلارنىڭ تېنى ساغلام بولۇش بىلەن بىرگە ئۆمرى ئۇزۇن بولغانلىقى، قېرىغاندىمۇ تېنى ساغلام ھالەتتە تېتىك ياشاپ دۇنيادىن كەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

ئەسلىدە ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ھازىر كىشىلەر مېدىتسىنا پەنلىرى تەرەققىي قىلدى دەپ قاراپ، ساقلىقنى ساقلاشقا سەل قارايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار كېسەل داۋالاشتا يۇقىرى پەن - تېخنىكىدىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تۆلىنىدىغان بەدەللەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولالايدۇ. ھازىر ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئۆلۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى كېسەل تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بولۇپ، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن توسۇلۇپ قالغان تومۇرغا نەيچە ئىشلىتىپ، تىرىگۈچ (تىرەك) قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تىرىگۈچنىڭ دىيامېتىرى ئۈچ مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.5 گرامغىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمما باھاسى 25 مىڭ تۈرك لىراسى بولۇپ، بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تال نەيچە قويۇلىدۇ، ئۇ نەيچىنىڭ باھاسى 18 مىڭ تۈرك لىراسى. ئۇ بىر قېتىم ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇ بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۈچۈن 50 مىڭدىن 70 مىڭغىچە، ھەتتا يۈز نەچچە مىڭ تۈرك لىراسى كېتىدۇ. بىراق پەن - تېخنىكا بىمارنى ساق ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ.

يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دەسلەپتە ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، تاماقنى ئازايتىش، ھايۋانات مېيى يېمەسلىك، كۈندە بىر قانچە تال مېۋە - چېۋە ۋە ئوت - ياشلارنى يېيىش بىلەن ھەرىكەتكە ئەھمىيەت بەرسىلا ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مېڭىگە قان چۈشكەندە باش سۆڭىكىدىن تۆشۈك ئېچىپ، قاننى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىمار تىرىك قالغان تەقدىردىمۇ يېرىم پالەچلىنىپ چاقلىق ئورۇندۇقتا قالىدۇ. شۇڭا كېسەل بولۇپ داۋالانغاندىن كۆرە، ساقلىقنى ساقلاپ كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەڭ ئاقىلانە چارە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابىتى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىدە، ھەر قانداق جانلىقنىڭ چارە - تەدبىر ئىزدەپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشى، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى جانلىقلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىدۇر. ئۇلاردىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش، خۇشال - خۇرام ياشاش، باشقا روھىي تەلەپ - ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - ئىدراكنىڭ ساغلام بولۇشى شەرت. «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» بولىدۇ، تېنى ساغلام بولمىغان كىشىلەر بۇ دۇنيادىن تولۇق ھوزۇر

ئالالمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاشنىڭ تۆۋەندىكى ئالتە قائىدىسى «سىتتى زۆرۈرىيە» گە رىئايە قىلغاندا، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

1. ئىنسانىنىڭ ھاۋاغا بولغان ئېھتىياجى. نورمال تەبىئىي، ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلىنىشى، ھاۋاسى ساپ بولمىغان تۇرالغۇلاردا تۇرۇش ياكى بۇلغانغان ھاۋادىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

2. ئىنسانىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى. ئىنسان بەدىنىنىڭ 60 پىرسەنتى سۇ بولغاچقا، ئادەم نورمال ئەھۋال ئاستىدا بىر سوتكا (24 سائەت) دا ئۈچ لىتىر ئەتراپىدا سۇيۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا ھەر دائىم پاكىزە، سۈزۈك، يېگى سۇ ئىچىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. يېمەك – ئىچمەك بەدەنگە كېتىدىغان ئوزۇقلۇق، كۈچ – قۇۋۋەت ۋە ھارارەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، ھاياتلىق ۋە سالامەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ھاۋا ۋە سۇدىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار يېمەكلىكلەرنى مىزاجىغا لايىق كەلتۈرۈپ، مىقدارىنى ئازايتىپ تۈرىنى كۆپەيتىش ۋە پاكىزلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ھاراق – تاماكىلاردىن ئۆزىنى چەكلەش، تاماقنى ۋاقتىدا يېيىش، بەك تويۇنۇپ يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

4. ئۇيقۇ – ئويغاقلىقنىڭ نورمال (ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە) بولۇشى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىنچلىق ھالىتى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىنى تەڭشەش، نېرۋا چارچاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، ئورگانىزمنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق رولى بار. شۇڭا ئۇيقۇنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. ھەرىكەت ۋە جىملىق (سۈكۈت). ھەرىكەت ئەزالارنىڭ ماددا ئالمىشىش پائالىيىتىنىڭ توختاۋسىز داۋاملىشىش جەريانىنى، جىملىق (سۈكۈت) بولسا بەدەندىكى ھەرىكەت نېرۋىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھەرىكەتسىز ياكى ئارام ئېلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ نورمال ھالەتتە بولۇشى سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ماددا ئالمىشىشنى تەڭشەيدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

6. روھىي كەيپىياتنىڭ نورمال بولۇشى سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئىنسان ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۇنى روھىي جەھەتتىن خۇشاللاندۇرىدۇ . ئەكسىچە بولغاندا غەم – قايغۇ، سىقىلىش، دىققىتى چېچىلىش، خىجالەتچىلىك، قورقۇش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش، كەسىپدارلىق ، قوشنىدارچىلىق قاتارلىقلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، زىممىسىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاش، ھەر ئىشتا ئۈمىدۋار بولۇش، كۆڭلى – كۆكسىنى كەڭ، ئازادە تۇتۇش، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش قاتارلىق ياخشى بولغان پىسخىكىلىق ساپانى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. ئۇنى يەنى روھىي جەھەتتىن توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، داۋاملىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر يەنى نەشە، تاماكا، ھاراق، ئەپيۈن ۋە باشقا ئۇخلاتقۇچى زەھەرلىك نەرسىلەرگە ئۆزىنى مەجبۇرلاش شۇ كىشىنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

7. چىقىرىپ تاشلاش بىلەن توختىۋېلىشنىڭ نورمال بولۇشى (ئادەم بەدىنىدە كىرىم – چىقىمنىڭ نورمال بولۇشى) سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلار بولۇپ، ئادەم بەدىنىدە ئالمىشىپ تۇرۇۋاتقان ھاۋا، سۇ، يېمەك – ئىچمەك قاتارلىقلارنى بەدەندىكى ماددا ئالمىشىش ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە توختىتىۋېلىش، ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان تەرەت، سۈيدۈك، تەر، نەپەس قاتارلىقلار ئارقىلىق بەدەندە توپلىنىشىپ قالماي ئۆز ۋاقتىدا چىقىپ تۇرۇشىنىڭ نورمال بولۇشى ئۈچۈن، قەۋزىيەتنى يوقىتىش مەقسىتىدە پات – پات مېۋە – چېۋە، سەي – كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇش ياكى ئىچى سۈرۈپ توختىماي كەتسە ۋەياكى ئادەت قېنى، چىش تۈۋى قاناپ توختىمىسا ئۇنىڭغا ئامال قىلىپ توختىتىشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم.

خۇلاسە قىلغاندا، ساقلىقنى ساقلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ يۇقىرىقى يەتتە تۈرلۈك مۇھىم ئامىلىغا تەڭ ئەھمىيەت بەرگەندە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى، ھەتتا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مۇختەر ھوشۇر «خويمۇ ئۇز خوتەن» شىنجاڭ گۈزەل – سەنئەت فوتو – سۈرەت نەشرىياتى، 2010 – يىل 12 – ئاي 1 – نەشرى 172 – بەت.

2. ھوشۇر ئەمەت «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 – يىل 8 – ئاي 1 – نەشرى.

3. «ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمىي » ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2011 – يىل 4 – ئاي 1 – نەشرى.

4. «ئىسفىرى ئەزەم» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 – يىل 9 – ئاي 1 – نەشرى، 2008 – يىل 12 – ئاي 1 – بېسىلىشى.

# ئەجنەبىيلەرنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇر دوستى ـ ئابدۇرېھىم

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

18 – ئەسىردىن باشلاپ غەربلىك «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئىچكى ئاسىياغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىدىكى سىرلىق زېمىن لوپنۇر ۋە خوتەن رايونلىرىغا قەدەم بېسىپ، ئەسىرلەپ ئۇيقۇدا ياتقان تىنىچ بوستانلىقنى ئويغىتىشقا باشلايدۇ. ئۆز تىرىكچىلىكى ۋە ئۆز ھايات چەمبىرىكىدە ياشاپ كەلگەن خەلق، بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى يازما يادىكارلىق ۋە ئاسارە –ئەتىقىلەرنى گۆھەر ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئىلىپ كېتىشىگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بايلىقلارنىڭ غەرب دۇنياسىدا تەتقىق قىلىنىپ، بىباھا باھالارغا ئېرىشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلار سانسىزلىغان كارۋانلارغا ساھىبخانلىق قىلىپ، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە باشلاپ بارغان، ئۇلارغا ماياك بولغانىدى. بۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىسىز ئەجنەبىيلەر نە لوپنۇر كۆلىنى، نە كرورانىنى، نە نىيە، مىرەنلەرنى بايقىغان بولاتتى.

يەرلىك ئۇيغۇر خەلقى ئەجنەبىي سەييياھلارغا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان پەزىلەتلىرىنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى ۋە كىتابلىرىدىن گۈزەل ئەخلاقىي تۈزۈمىنىڭ شەجەرىسى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان ھەمدە تارىختا مەدھىيەلەر ۋە رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گەرچە سىتەيىن ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان دۇنيادىكى داڭلىق كىشىلەرنى «يالغان قولىيازما» ياساپ تارىختا نامى پۇر كەتكەن ئىسلام بايغا ئوخشاش كىشىلەر؛ گۇننار ياررىڭنى ئالداپ «كىتاب سېتىش» باھانىسى بىلەن پۇل ئۈندۈرۈۋالغان روزى ئاخۇنغا ئوخشاش شەخسلەرنىڭ بولمىغۇر ئىپادىلىرى تارىخ بەتلىرىگە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەجنەبىيلەر قەلبىدە مەڭگۈلۈك يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشكەن كىشىلىرىمىزمۇ بار ئەلۋەتتە.

كۆپ قىسىم كىشىلەر تارىم ۋادىسىدا سۋېن ھېدىن، پىرژاۋىلىسكى، كوسلوۋ قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باغلىغۇچى بولغان، لوپ ئابدال كەنتىنىڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى «كۈنچىققان بەگ» ۋە لوپنۇرلۇق دۇنياغا داڭلىق «5 -قەبرە» نى بايقاشتا رول ئوينىغان «ئۆردەك» ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لوپلۇق يەنە بىر ئۇيغۇر –ئابدۇرېھىم ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولمىسا كېرەك.

لوپنۇر رايونى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن لوپ، ئاھالىلىرى لوپلىقلار دەپلا ئاتىلىدۇ. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى «لوپنۇر» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن ۋە دۇرال رايونىنى «لوپنۇر» ۋە چارقىلىق رايونىنى «قاراقوشۇن» دەپ ئاتايتتى. لوپنۇر خەلقى تەبىئەت ئېلان قىلغان جەڭلەرگە قارشى ئاخىرقى تىنىقىغىچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا رەھىمسىز مۇھىت ئالدىدا ئاخىرقى تامچىلىرىمۇ قۇرۇپ تۈپ تۈز شورتاڭلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. پېرژاۋىلىسكىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، لوپنۇر رايونىدا 1876 – يىللىرى جەمئىي 11 كەنت، 70 ئائىلە قالغان بولۇپ، 300 گە يېقىن كىشى بار ئىكەنتۇق.بۇ كەنتلەرنىڭ ئىچىدە ئابدال كەنتى ئەڭ باي ۋە يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بىر كەنت ئىدى.

ئاردىن 20 يىل ئۆتۈپ مەشھۇر تەۋەككۈلچى شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. پىرژاۋىلىسكىغا يول باشلىغان ۋە ياردەمدە بولغان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى، كرورانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى– كۈنچىققانبەگ «ھېدىن تۆرەم»نى كۈتۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېدىن تۆرەمنىڭ لوپنۇرغا رىشتىسى باغلىنىپ، تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن 1899 - يىلى يەنە بىر قېتىم لوپنۇرغا سەپەر قىلىدۇ. بۇ قېتىم كۈنچىققانبەگ ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇ قېتىم ئابدال كەنتىدە سۋېن ھېدىن قۇرۇق تاغقا جايلاشقان سىنگىرلىق ئابدۇرېھىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۆزىگە بىر سىرداش دوست، ئەقىل پاراسەت ئۆگەنگۈچى تېپىۋالىدۇ.



Abdu Rehim från Shindi.

Teckning av förf.

ئابدۇرېھىم سىنگىر كەنتىدە ياشايدىغان بولۇپ، لوپنۇر رايونىدىكى تاكى ئاتمىش بۇلاققىچە بولغان رايونلاردا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساناقلىق 2 - 3 ئوۋچىنىڭ بىرى ئىدى. دادىسى تېگى تۇرپانلىق ۋە سىنگىردە ياشىغىنىغا 40 يىلدىن ئاشقان ئەخمەت پاۋان دېگەن كىشى بولۇپ، تۆت پەرزەنتى باردى.

ئۈنىڭ 200 قويى،27 تۆگىسى، 2 ئېتى ۋە 10 كالىسى بولۇپ، قوي يۇڭىدا كىگىز ئېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

ئۈنىڭ سەككىز تۆگىسى بولۇپ، سۋېن ھېدىننىڭ قۇمدەريا ئېقىنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش تەتقىقاتى جەريانىدا، بۇرۇن رۇس ئېكىسپېدىتسىيەچىسى كوسلوۋغا ياردەمچى بولغان ئابدۇرېھىمنى يول باشلىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئابدۇرېھىمنى ئۈنىڭ سەككىز دانە تۆگىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە يول باشلىغۇچى بولۇشقا تەستە قايىل قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم ئاتمىش بۇلاققا بارغۇچە ھەر بىر تۆگىنى يېرىم سەر پۇلغا ئىجارىگە ئېلىشقا، ئاندىن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتى سىنگىرغا قايتىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىدۇ. چۈنكى سۋېن ھېدىنمۇ ئابدۇرېھىمدىن باشقا، پەم پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق باشقا بىر يول باشلىغۇچىنى ئۇچراتمىغانىدى.

ئابدۇرېھىم ئۆزى ئەدەپلىك، دۇرۇست، چىقىشقاق كىشى بولۇپ، سۋېن ھېدىن ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى ۋە ئەدەپلىكلىكىگە ئەڭ قول قوياتتى.

ئابدۇرېھىم ئۇستا، كۈچلۈك ئوۋچى بولۇپ، تۆگە ئوۋلاۋاتقىنىغا 6 يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتلارغىچە 13 تۆگە ئوۋلىغان بولۇپ، خېلى ئاسان توختىغانىدى. ئەمەلىيەتتە تۆگە ۋە ياۋا تۆگە ئوۋلاش ناھايىتى مۇشەققەتلىك بىر ئىش ئىدى. سۋېن ھېدىن باشلىغان كارۋان چۆلدە يېمەكلىك ۋە سۇدىن ئايرىلىپ قالغىنىدا ئابدۇرېھىم قارا بوغرا (ئەركەك تۆگە)ئوۋلاپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئاخشاملىرى سۋېن ھېدىن ئابدۇرېھىمنى چاقىرتىپ ھەر كۈنى بىرەر سائەت ئەتراپىدا مۇڭدىشىپ ئۈنىڭ كالىلىسىدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى سۈمۈرىۋالغىسى كېلىدۇ.

بۇ تۇپراقنىڭ ماگنىتى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئەجنەبىيلەر بۇ زېمىندىن ھېچ مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. 1930 - يىلى سۋېن ھېدىن، نىلس ئامبولت، فولكې بېرگمان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە چوڭ ئەترەت بولۇپ، يەنە بۇ جايغا سەپەر قىلىدۇ. سۋېن ھېدىن جىددىي ئىش بىلەن ئىستوكھولمغا قايتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا نىلس ئامبولت ئابدۇرېھىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئابدۇرېھىم قۇرۇق تاغنىڭ ھەر بىر گىياھسىغىچە تونۇش بولۇپ، بۇ چاغدا قۇرۇقتاغنىڭ ئاھالىسى 50 ئەتراپىدىلا كىشىلەر قالغانىدى. ئابدۇرېھىم قەيەردە تاتلىق سۇ بار، قەيەردە قۇدۇق بار، قەيەردە ھايۋانلار ئىچىدىغان سۇ بار دېگەندەك جۇغراپىيەلىك بىلىملەرگە پىششىق بولۇپ، بۇ ئەترەتكە شۇنداقلا 50 يىلدىن بېرى بۇ رايونغا كەلگەن سەييياھلارغا تاغقا چىقىش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئەترەتتىكىلەر نىڭ يېمەكلىك مەنبەسى كېسىلىپ قالغاندا، ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوي بوغۇزلىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى يەرلىكلەر ياتلارغا ئاسانلىقچە مال ساتمايتتى، ئابدۇرېھىمنىڭ يۈزى بىلەن يەرلىك خەلقمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا سورۇن تۈزەپ پات -پات بىرلىكتە قويرۇق يېغىدا پولۇ ئېتىپ بەزمە قىلىشىدۇ.

سۋېن ھېدىن ئابدۇرېھىم بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە، ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ 1901 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەسىنىڭ توغرىلىقىنى، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىدا ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، دەريانىڭ كۈنىگە چۆكىۋاتقانلىقىنى، 13 يىلدىن بېرى دەريانىڭ قۇمدەريا دېلتىسىغا ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇرۇنقى چاققان ئەپچىل ھەرىكەتلىرى بىلەن تۆگىگە مىنىدىغان ئابدۇرېھىم ھازىر ياشىنىپ قالغان بولۇپ، دۇنخۇاڭ سەپىرىدىن يېرىم يولدا بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.



Abdu Rehim (i mitten) och två av hans fränder utanför hemmet i Schindi.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «ناتونۇش يوللاردىكى مىڭ مىل»-سۋېن ھېدىن، 1905 (شىۋېتچە)
2. «لوپنۇر رايونىدىكى تەتقىقات»-سۋېن ھېدىن، 1902 (شىۋېتچە)
3. «كارۋان»-نىلس ئامبولت، 1935 (شىۋېتچە)

سۈرەتتە: شىندىدىكى ئۇيغۇرلار، ئوتتۇرىدىكى كىشى ئابدۇرېھىم



# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي باللار ئويۇنلىرى

روزىيېۋا گۈلچېھرە سېلىماخۇن قىزى* (قازاقىستان)

ھەر بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلانغان جەمئىيەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆز تىلىنى، دىنىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى، قائىدە-يوسۇنلىرىنى ياخشى قوغدىشى ۋە ھۆرمەتلىشى كېرەك. بىز بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، كۆز قارىشىنى، خاراكتېرىنى باشقا بىر خەلق بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تونۇپ بىلەلەيمىز.

دۇنيادىكى مىللەتلەر ئەسىرلەر بويى بىر-بىرى بىلەن مەدەنىي ئالاقىدە بولۇپ، بىللە تەرەققىي قىلىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن. بۇ مەسىلە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، روھىي تەرەققىياتىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭى دەۋر تەرەققىيات دەۋرى بولغانلىقتىن، مىللىي قىممەتلىرىمىزنى ئۆزلەشتۈرۈپ، باشقا خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىشلارغا ئىلمىي باھا بېرىپ ئۆگىنىش ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياش مەملىكىتىمىز - قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، خەلقئارا سىياسىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىمىز ياخشىلانماقتا.

بىز ئېتنولىنگۋىستىكا (مىللىي- تىلشۇناسلىق) ساھاسى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر بويى توپلىغان ئەدەب-ئەخلاق، ئېتىكىسىنى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق كۆز قاراشلىرىنى بىلەلەيمىز.

ئېتنولىنگۋىستىكا بۆلۈمى – 11 سىنىپلارغا ئوقۇنۇلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىدە بېرىلگەن، چوڭلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ، ئانا تىلىمىزدا بىلىم ئېلىشىمىز بىلەن بىللە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ بارلىق قىممەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆسۈش-يېتىلىشى ۋە باشقا خەلقنىڭ مېنتالىتېتىغا ھۆرمەت قىلىشى دەۋرنىڭ تەلىپى دەپ ئويلايمىز.

خۇلاسىلەپ ئېيتساق، ئېتنولىنگۋىستىكا ساھاسىنىڭ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان پايدىسى كۆپ.

بۇنىڭدىن 5 - 6 يىل ئىلگىرى، يېزا-قىشلاق كوچىلىرىدا ئوشۇق ئوينىغان باللارنى كۆپ كۆرگەن بولساق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوشۇق ئوينىغان باللار ناھايىتى ئاز ئۇچراتماقتىمىز. شەھەرلەردە بولسا مىللىي ئويۇنلارنى تامامەن بىلمەيدىغان باللارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە.

يېزا باللىرى ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ جىسمانىي ئەمگەكنى كۆپ قىلىش بىلەن بىرگە، دالادا ئويناپ، ياخشى ئارام ئېلىشنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، سەھرا باللىرى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىققان، ئۆي ئىشلىرىغا چاققان، پىشىشىق، ئەدەب-ئەخلاقلىق تەربىيىلىنىدۇ.

باللار مەزكۇر ئويۇنلارنى ئوينىغان چاغدا ھارمايدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن بىر ئاز بولسىمۇ يىراقلىشىپ، ئۆزىگە لايىق ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشى بالىنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق. خىيالىي ئويۇنلاردىن كۆرە، ساپ ھاۋادا ئوينايدىغان ئويۇنلار ئۇلارنىڭ چاققان، ئەپچىل ئۆسۈشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

* ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى مۇئەللىمى، ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيەسى كىچىك دىھقان يېزىسى.

ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى ھازىرغىچە سىپلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تۈردە قارىلىپ كەلگەن. قازاق خەلقىنىڭ مىللىي باللار ئويۇنلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش مەسىلىلىرى خېلى ئىلگىرى يولغا قويۇلۇپ، بۈگۈنكى كۈندە قازاق خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى تېخىچە تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنىپ، بىر سىستېمىغا كەلتۈرۈلگىنى يوق. پەقەت11 - سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنىڭ ئېتنولىنگۋىستىكا بۆلۈمىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرىنى چوڭلار ئويۇنلىرى ۋە باللار ئويۇنلىرى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن.

11 – سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ماتېرىياللار توپلىمىدا، 11 –سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆنۈكمىلەر توپلىمىدا، 10 –سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆنۈكمە توپلىمىدا ئۇيغۇر خەلق مىللىي ئويۇنلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇنداقلا، «ئارزۇ» ژۇرنىلىنىڭ باللارغا بېغىشلانغان «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» سەھىپىلىرىدە بىر ئاز مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال نەشىردىن قىلىنىشتىن توختىغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلە باشقا نەشىرلەردە تىلغا ئېلىنغىنى يوق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى توغرىلىق مەلۇماتلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن : «ئارزۇ» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغاندا، ئۇنىڭ «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» سەھىپىسى باللارغا بېغىشلانغان ئىدى. ھەر سانىدا مىللىي ئويۇنلار، باللار ئۈچۈن قىزىقارلىق تەجرىبىلەر بېسىلاتتى.

«چېلىشىش»، «پاپۇز»، «ئاغامچا تارتىشىش»، «چاقپەلەك»، «پۇتبول»، «شاھمات» ئويۇنلىرى يېزىلغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى تېخىچە تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنىپ، بىر سىستېمىغا كەلتۈرۈلگىنى يوق. 11 –سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنىڭ ئېتنولىنگۋىستىكا بۆلۈمىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويونلىرىنى چوڭلار ئويۇنلىرى ۋە باللار ئويۇنلىرى بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. چوڭلار ئويۇنلىرى تۆۋەندىكىدەك 9 تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. «ئات بەيگىسى» ئويۇنى
2. «ئات پوكزىگى» ئويۇنى
3. «دارۋازلىق» ئويۇنى
4. «جانبازلىق» ئويۇنى (مۇشت، پەشۋا ئېتىش)
5. «ئوقيا ئېتىش» ئويۇنى (ئوۋچىلىق)
6. «ئوغلاق تارتىش» ئويۇنى
7. «چاقپىلەك» ئويۇنى
8. «چېلىشىش» ئويۇنى
9. «چۈك-چۈك» ئويۇنى

باللار ئويۇنلىرىدىن «ۋاللەي»، «لىڭگىرتاقتاق»، «تۆگى–تۆگىلەك» ئويۇنلىرى بار.

11 –سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ماتېرىياللار توپلىمىدا، ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىدىن «ئوقيا ئويۇنى»، «جانبازلىق ئويۇنى »، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرىدىن «چۆچۈرە قاينىتىش»، «دوپپا ئويۇنى»، «دارۋازلىق» ئويۇنلىرى توغرىلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن.

11 – سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆنۈكمىلەر توپلىمىدا (95 -104-بەتلەردە) باللار ئويۇنلىرىدىن: «تاختامەك»، «چاقپىلەك»، «ئارغامچا تارتىشىش»، «چېلىشىش»، «پاپۇز» ئويۇنلىرى ۋە چوڭلار ئويۇنلىرىدىن: «ئات بەيگىسى»، «ئات پوكزىگى»، «ئوغلاق تارتىشىش»، ئويۇنلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

10 –سىنىپلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن كۆنۈكمىلەر توپلىمىدا(141 – 143 – بەتلەردە) ئۇيغۇر خەلق مىللىي ئويۇنلىرىدىن: «دارۋازلىق»، «ئات بەيگىسى»، «ئات پوكزىگى»، «ئوغلاق تارتىشىش» ئويۇنلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى چوڭلار ئويۇنلىرى، باللار ئويۇنلىرى بولۇپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

«ئات بەيگىسى» ئويۇنى ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئوينىلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئويۇنلاردىن بىرى. ئۆز ۋاقتىدا ھۇنلار مۇنتىزىم قوشۇنلارغا لايىق ئاتلارنى بەيگە ئارقىلىق تاللىغان. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات بەيگىدە ئۈزۈپ چىقىدۇ... شوق ئېتىم تېزلىك بىلەن چاپتى. بەيگىدە ئۈزۈپ چىقتى» دەپ يازغان.

مۇشۇ پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئاتتىن ئايرىلمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىدە تۇرمۇش مۇھىتىغا خاس ئات ئۈستى پائالىيەتلىرى بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەسىرلەر بۇرۇن ئات بەيگىلىرىنى قەبىلە، يۇرت ئاقساقاللىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزگەن. ئات بەيگىسىنىڭ كۆلىمى ئاشۇلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە، چارۋىچىلىقىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن. كىچىك كۆلەمدىكىلىرىگە 15 - 20 ئات چوڭ كۆلەمدىكىلىرىگە 200 - 300 ئات قاتناشقان. بەيگىدە ئۈزۈپ چىققانلارغا قارا مالدىن سوغا قىلىش ئادەتكە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلاردا ئات بەيگىسى ئويۇنىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى مۇنداق بىر ۋەقەدىن كۆرۈشكە بولىدۇ: 1983 – يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچكى موڭغۇلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئات ماھارىتى مۇسابىقىسىدە شۇارنىڭ

كوماندىسى ئولىمپىك تەنھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە 1000، 3000 مېترلىق، تېز سۈرئەتلىك بەيگىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن. 1984 -يىلى بولسا، شۇاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى بويىچە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە شۇارنىڭ كوماندىسى بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن.

## باللار ئويۇنلىرى

ئۇيغۇرلار باللارنىڭ كىچىكىدىنلا ئىسسىق-سوغۇققا ماسلىشالايدىغان، تۈرگۈن، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، باللارنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. باللارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى ئۇلارغا ھەر خىل ئويۇنلارنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر بالىلىرى بىر قەدەر شوخ، تېتىك، ھەرىكەتچان كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «ئوغۇل بولساڭ شوخ بول، بولمىساڭ يوق بول» دېگەن ماقالدا باللارنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

باللار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى بالىنى بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «تاقىقا-تۇققا»، «ئاق ئۇستىخان»، «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك»، «ئاق تاش-كۆك تاش»، «قارغۇ چاشقان » «ياغلىق تاشلاش»، «ساقا» ئويۇنى، «سالغا ئېتىش»، «تۈنەك» (سۇ مىلتىقى) ئويۇنى،«ئۆي سېلىش»، «چىۋىق ئات»، «لىڭگىرتاقتاق»، «يۈگۈرۈشمەك» ئويۇنى، «لەگلەك»، «موللاق ئېتىشماق» «جەك قىلىشماق» ئويۇنى، «بەش تاش» ئويۇنى، «توپ»ئويۇنى، « قورچاق (قوچاق) ئويۇنى، «مېھماندارچىلىق»قا ئوخشاش ئويۇنلار كۈچ، ھەرىكەتچانلىق، پەم-پاراسەت،چېۋەرلىكنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. «تاقىقا-تۇققا» ئويۇنى باللاردا باتۇرلۇق روھىنى يېتىشتۈرۈش رولىغا ئىگە بولسا،«چۆجىلىرىم» ئويونىدا سا بىلەن چۆجىگە سىمۋول قىلىنىپ قەيسەرلىك، ئۆملۈك، ھەمكارلىق روھى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىلغان. ئەمدى «ئاق ئۇستىخان ئويۇنى باللارنىڭ چېچەنلىكى بىلەن كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىلسا، «سالغا ئېتىش» ئويۇنىدا باللار مۇسكۇلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. «گۈلەڭگۈچ»، «چۆجىلىرىم»، «بەش تاش»(چاكۇم)، «توپ»ئويۇنى،«قورچاق» (قوچاق) ئويۇنى، «مېھماندارچىلىق» ئويۇنىغا ئوخشاش ئويۇنلار قىزلار ئوينايدىغان ئويۇنلار بولۇپ، ئۇلاردا خەلقىمىز قىزلىرىمىزنىڭ كىچىكىدىنلا ئۆزلىرىگە خاس پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى يېتىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلغان.

ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مېھماندوستلۇقى،ئۆي تۇتۇش، تاماق ئېتىش، بالا بېقىش، مېھمان ئۇزىتىش قائىدىسى بويىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆگىنىشتە مىللىي ئويۇنلىرىمىز چوڭ رول ئوينايدۇ، بالىنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىگە كىچىكىدىنلا ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ.

بۇ ئويۇنلار ئاددىي ئويۇنلار بولسىمۇ، باللاردا، بولۇپمۇ قىزلاردا كىچىكىدىنلا ئۆي ئىشلىرىغا قىزىقىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي باللار ئويۇنلىرى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، رەتكە سېلىنمىغان بولۇپ، قازاق ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ مىللىي باللار ئويۇنلىرىنى سېلىشتۇرۇش، ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇمدىكى مۆتىۋەر ئاتا-ئانىلاردىن ئامان نۇراخۇنوۋ،سېلىماخۇن روزىېۋ، بايژۇما بايتورىېۋلارنى ئىزدەپ، «ئاق تاياق»، «كوداك» ئويۇنى، «ۋاللەي»، «ئوشۇقنىڭ تۈرلىرى» ۋە «قېچىپ پوڭزەك» ئويۇنلىرى توغرىلىق قوشۇمچە مەلۇمات ئالدىم.

ئالغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، قوشۇمچە ماتېرىياللارغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باللار مىللىي ئويۇنلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ 45 تۈرىنى ئېنىقلىدىم.

1. «ئاق ئۇستىخان» ئويۇنى*
2. «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» ئويۇنى
3. «ئاق تاش-كۆك تاش» ئويۇنى
4. «ئارغامچا تارتىشىش» ئويۇنى*
5. «بەش تاش» ئويۇنى*
6. «ۋاللەي» ئويۇنى
7. «ئىلەڭگۈچ» ئويۇنى*
8. «دوپ» ئويۇنى
9. «دۈم-دۈم» ئويۇنى
10. «يۈگۈرۈشمەك» ئويۇنى*
11. « جاڭزا» ئويۇنى
12. «جەك قىلىشىش» ئويۇنى
13. «جۇژۇلىرىم» ئويۇنى
14. «يەتتە تاش» ئويۇنى*
15. «كوداك» ئويۇنى
1.6 «كۈچ سىنىشىش» ئويۇنى*
17. «قارغۇ چاشقان» ئويۇنى
18. « قورچاق (قوچاق) ئويۇنى*
19. «قېچىپ پوڭزەك» ئويۇنى
20. «لەگلەك» ئويۇنى
21. «لىڭگىرتاقتاق» ئويۇنى*
22. «موللاق ئېتىشماق» ئويۇنى
23. مېھماندارچىلىق» ئويۇنى
24. «مۆكۈشمەك» ئويۇنى
25. «مۈشۈك-چاشقان» ئويۇنى
26. «ئوشۇق» ئويۇنى*
27. «ئوتتۇرىغا چۈشمەك» ئويۇنى
28. «ئۆي سېلىش» ئويۇنى

29. «پوپۇز» ئويۇنى
29. «ساقا» ئويۇنى
30. «سانىماق» ئويۇنى*
31. سالغا ئېتىش» ئويۇنى
32. «تاختامەك» ئويۇنى
33. «تاققا-تۇققا»
34. «تووۋۇق» ئويۇنى
35. «توپ» ئويۇنى
36. «توققۇز تاش» ئويۇنى*
37. «تۆگى-تۆگىلەڭ» ئويۇنى
38. «تۈنەك» (سۇ مىلتىقى) ئويۇنى
39. «ئۇچتى-ئۇچتى» ئويۇنى*
40. «ئۈزۈك سېلىش» ئويۇنى
41. «چاقپىلەك» ئويۇنى
42. « چۆچۈرە قايىنىتىش» ئويۇنى
43. «چىۋىق ئات» ئويۇنى
44. «چېلىشىش» ئويۇنى
45. «ياغلىق تاشلاش» ئويۇنى*

مىللىي ئويۇنلىرىمىز ئارقىلىق ئوغۇل بالىلاردا ئوغۇل بالىلارغا لايىق: باتۇرلۇق، چەبدەسلىك، چاققانلىق، مەرگەنلىك، تېتىكلىك، ئېھتىياتچانلىق، ھازىر جاۋابلىق ۋە باشقىمۇ خىسلەتلەر يېتىلدۈرۈلسە، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەتلىك، گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقلىق، كىچىك پېئىل، كېلەچەكتە تىرىشچان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىشىگە چوڭ تۈرتكە بولىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئويۇننىڭ كەينىگە بالىنى بىرەر خىسلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش يوشۇرۇنغان بولىسىمۇ، كۆپچىنچە بالىلار ئوينايدىغان ئويۇنلاردا بىرلىككە، دوستلۇققا، ئىناقلىققا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدىغان تەرىپىنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئويۇنلىرىمىزنى ئۇنۇتماي، بالىلىرىمىزغا ئۆگەتسەك بىز تېخىمۇ گۈللىنىپ ياشنايمىز، چۈنكى ئۇ ئويۇنلاردا ئويۇندىن-بىلىمگە، ئادەمگەرچىلىككە، كۆندىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشكە ئەڭ ياخشى يۆنىلىشلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

21 - ئەسىر ئاخبارات تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ئەسىرى بولغانلىقتىن، بۈگۈنكى كۈندە كومپيۇتېردا ھەر خىل ئويۇنلار بار. ئاشۇ ئويۇنلارنىڭ ئارىسىدا بالىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر قىلىدىغان ئويۇنلار بىلەن بىر قاتاردا بالىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىرىمۇ بار.

مەسىلەن: «جېستوكىي ئىگىر» ۋە باشقا بىر نەچچە ئويۇنلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوق ئېتىشقانلىرى، پۇل ئوغرىلاش، بۇلاڭچىلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ بىر نەچچە تۈرلىرى بار. مانا مۇشۇ ئويۇنلار بالىنى رەھىمسىزلىككە، زورلانلىققا، جىنايەتكە ئۈندەيدۇ.

1. ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرۇپ ئوينايدىغان بۇ ئويونلاردا ھەرىكەت ئاز؛
2. بالىنىڭ سالامەتلىكىگە (كۆرۈش قۇۋۋىتى، قان ئايلىنىش، ساغلام ئۆسۈش-يېتىلىشى قاتارلىقلار) زىيانلىق؛
3. بالىلارنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، رەھىمسىزلىككە، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، جىنايەتكە كۈشكۈرتۈپ، مىللىي كۆز قاراشلىرىنى، ئەدەب-ئەخلاقىنى، ئادەمگەرچىلىكىنى يوقىتىپ، بالىنىڭ پسىخولوگىيەسىنى بۇزىدۇ.

بۇ ئويۇنلارنى بالىلارنىڭ ئوينىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاخىرىدا مىللىي ئويۇنلارنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق مىللىيلىكىمىزنى، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرىمىز:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئويۇنلىرى بىر سىستېمىغا كەلتۈرۈلۈپ، نەشرىياتلاردىن بالىلارغا بېغىشلانغان كىتابلار، كىتابچىلار بارلىققا كەلسە؛

باشلانغۇچ مەكتەپ، تەييارلىق سىنىپلىرىدا،بالىلار باغچىلىرىدا مۇئەللىم ۋە تەربىيىلىگۈچىلەر مىللىي ئويۇنلارنى ئۆگەتكەندە ئۇنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قىز بالىلارغا ئايرىم، ئوغۇل بالىلارغا ئايرىم ئۆزلىرىگە خاس ئويۇنلارنى ئۆگەتسە؛ ئومۇمىي ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنى ئۆگەتكەندە بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، بالىلارغا كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلسە، بالىلار ئۇ ئويۇنلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

تەكلىپ-پىكىرىمىزنى خۇلاسىلىسەك «ئەل بولىمەن دېسەڭ- بۆشىكىڭنى تۈزە!» دېگەن ماقالغا ئاساسلىنىپ، XI چى ئەسىردە ياشىغان دانىشمەن، پەيلوسوپ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىمىزنىڭ بالا تەربىيەسىنى مۇھىم بىلىپ: «كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى، قېرىپ ئۆلگىچە ئۇنۇتماس ئۇنى»- دەپ بىكار ئېيتمىغان.



# جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى

ماھى ئاي

جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان تەرىپى پەقەتلا مۇھاجىرەتتىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر تىلى مەكتەپلىرىگە سېلىشتۇرغاندا قۇرۇلغىنىغا بىر قەدەر ئۇزۇن بولغانلىقى، ئوقۇغۇچى سانىنىڭ ئالاھىدە كۆپلۈكى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى، مىللىي كىملىككە تويۇنغان، ئىجادچانلىقتا ۋە جەلپكارلىقتا ئىگە بولغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قەرەللىك ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئانا تىل ۋە مىللىي خاسلىقىمىزنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت نېگىزلىك ئامىلدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىنىڭ 3 - مەۋسۇم دەرسلىرى ئاخىرلىشىپ تەتىل قويۇپ بېرىلىدىغان كۈن ئىدى. ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش بۇ مەۋسۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ دەرس ئۆتۈلمەي بالىلار ۋە ئاتا- ئانىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىلماقچى ئىدى. ئادەتتە ھەر قېتىملىق پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا- ئانىلارغا يۈزەكى ھالدا ئالدىن ئۇقتۇرۇلاتتى. بۇ قېتىملىق پائالىيەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئاڭلىغان بالىلاردا ئاجايىپ بىر قىزىقىش ۋە ئىنتىزارلىق پەيدا بولغان ئىدى، چۈنكى، بولۇپمۇ «قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئوسما قويۇش، كەشتە تىكىش كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۆگىتىلىدۇ ھەمدە بىرلىكتە بەش تاش ئوينايمىز» دېگەن مەزمۇنلار بالىلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېڭىلىق تۇيۇلغان ئىدى.

نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ پائالىيەت توغرىلىق مېنى كۈندە دېگۈدەك ئەسكەرتىپ تۇرغان بالىلىرىم بۇ كۈنى سەھەردىلا مېنى ئالدىرىتىپ ھالىمنى قويمىدى. ئۇيغۇر مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرە مېنى بالىلىرىمدىنمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالدى، چۈنكى مەن ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز سەبىي ۋاقىتلىرىمغا قايتقاندەك ھېسسىياتقا كەپ قالغان ئىدىم. بالدۇر كەلدىمغۇ، دېگەن خىيالىمنىڭ ئەكسىچە مەكتەپ مەيدانى ئاللىبۇرۇن قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى.



ئوسمام يارىشىپتىمۇ؟

ئانچە چوڭ بولمىغان مەكتەپ قورۇسىنىڭ چاققانغىنا تەنتەربىيە مەيدانىدا كانىۋاي كۆينەك، بادام دوپپىلارنى كىيىشكەن ئوغۇللار چۇرقىرىشىپ پۇتبول ئوينىشىۋاتاتتى، رەڭدار ئەتلەس كۆينەكلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋالغان دوپپىلىرى بىلەن بەئەينى گۈلزارلىقتىكى كېپىنەكلەرگە ئوخشاپ قالغان ئوماق قىزلار سۇپا شەكلىدە ياسالغان ئەپچىلگىنە سەھنىگە سېلىنغان گىلەمچاقنىڭ ئۈستىدە ئۇيغۇر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئوسما توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلاۋاتاتتى.



ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى ئوسمىنى بالىلارغا كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈش جەريانى، قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئۇنى قاشلىرىنىڭ



قارا، قويۇق چىقىشى ئۈچۈن قاشلىرىغا قويۇپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى ۋە يەنە باشقا پايدىلىق تەرەپلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرسە يەنە بىر ئوقۇتقۇچى ئوسمىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىشتىن تارتىپ پاختىدا پەلكۈچ ياساپ قېشىغا قويۇشقىچە بولغان بارلىق جەريانلارنى قىزلارغا بىرمۇ بىر كۆرسەتتى ۋە قىزلارنى بۇ مەشغۇلاتلارنى قول سېلىپ ئۆزلىرىنى قىلىپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈردى. بىر نەچچە توپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوسما قويدۇرۇۋاتقان قىزلىرىغا قاراپ مىللىيچە كىيىنىپ بۇ پائالىيەتكە تېخىمۇ ھۆسن قوشقان ئانىلارنىڭمۇ سەبىي بالىلىقى ئېسىگە كەلدى بولغاي، ئۇلارمۇ بۇ سەپكە قېتىلىپ ئوسما قويۇش خېلى بىر ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قىزلارغا بەش تاش ئويۇنى ئۆگىتىلدى. كەشتىچىلىك، بىگىزدە ھەر خىل نەرسىلەرنى توقۇش قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ئۈلگىلىرى كۆرسىتىلىپ، بۇ توغرىلىق بىلىملەر قىسقىچە سۆزلەنگەندىن كېيىن، قىزلار ئوقۇتقۇچى ۋە ئانىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ ھۈنەرلەرنىڭمۇ دەسلەپكى مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىشتى.



بۇ جەرياندا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم چېنىقىش خاراكتېرىدىكى ئويۇنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

دېمەك، ئاساسەن كىچىك ياشتىكى ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان بۇ پائالىيەت ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، بەكرەك جەلپ قىلارلىق، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك، ئەڭ مۇھىمى ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان قىممەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، بالىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىشقا، بەدەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئويۇنلارنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشتا كەڭ سورۇن ھازىرلانغان، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بىر پائالىيەت بولدى. كۆپ قىسىم ئاتا - ئانىلارغا بەكرەك تەسىر قىلغان ۋە قايىل قىلغان يېرى بۇ پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى بولدى. چۈنكى، پائالىيەت ئاخىرلىشىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن

نۇرغۇن باللار ئاتا - ئانىلىرىدىن پائالىيەتتە ئوينىغان ئويۇنلىرىنى بىللە ئويناشنى تەلەپ قىلىشقان. ئەلۋەتتە، ھازىرقى دەۋردە ھەرقانداق ئاتا - ئانىغا نىسبەتەن زور باش ئاغرىقى بولۇۋاتقان باللىرىنىڭ تور ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىشى ۋە ئۇلارنى تور دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىدەك شارائىتتا بۇ بىر چوڭ نەتىجە ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىشى، كۈچلۈك تەشكىلچانلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىدائىيلىقى، پىداكارلىقى، دەرس مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، باللارنىڭ دەرسلەرگە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشىشى نەتىجىسىدە، باللارنىڭ يېشى ۋە سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئالتە سىنىپقا ئايرىلىپ سىستېمىلاشقان، مۇنتىزىم بىر مەكتەپ ھالىتىگە كەلگەن جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر مەكتىپىدىن ئەلۋەتتە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاتا - ئانىلارلا ئەمەس، بەلكى خۇددى باشقا دۆلەتلەردىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئادېلەيدقا كەلگەنلەر ئۇيغۇر مەكتەپنى زىيارەت قىلىشتىن ئالغان تەسىراتىدا ھاياجانلىنىپ ئېيتىشقىنىدەك مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇر پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ.

## پائالىيەتتىن كۆرۈنۈشلەر












# سىز زىيادە سەزگۈرمۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەكمۇ-يوق*؟

دوكتور مەرۋە ئازاب ( ئامېرىكا)

## تەرجىماندىن ئىلاۋە :

–بالام، بۇنداق بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا ئورۇقلىساڭ بولمايدۇ، ئېغىرراق بول، – دەيتتى جان ئاپام.

–قىزىم، ھاياجانلانماي، ئاستا-ئاستا سۆزلە. بىز بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيمىز. ھاياجانلىرىڭ ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ چارچىتىپ قويىدىكەن دەيتتى، – دادام.

– ئازراق ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭ نېمە بولار، چېچىڭغا بىكار ئاق كىرمەيدۇ سىڭىلىڭ، – دەيدۇ ئېرىم.

–ئاپا، يىغىندىكى ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىكەنسەن، دۇنيادا ھېچكىم سەندەك قىلمايدۇ. ئورۇنسىز چېچىلىدىكەن، كىمگە پايدا؟ – دەيدۇ قىزىم.

–ئوقۇغۇچىلىرىڭ دەرسكە دىققەت قىلمىسا، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭمىتى، نېمە ئانچە ئويلاپ كەتكۈلۈك. بىز كونترول قىلالمايدىغان ئىشلارنى تولا ئويلاپ، چارچاپ تۈگەيسەنغۇ ئاخىر، – دەيدۇ خىزمەتدىشىم.

–ئەجەبمۇ چارچىدىم، ھېس تۇيغۇلىرىم باغچىدىكى سىرلىما پەلەك پويىزىدەك، بىردەم خۇشاللىق چوققىسىدا تەنتەنە قىلسا، بىردەم ئازابلىنىش ھاڭلىرىدا چوڭقۇرچاقلىرىدا ئۆكسۈپ يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسىمۇ ئىچكى دۇنيايىم سەل تىنىچراق بولسا بولاتتى، ھېس -تۇيغۇلىرىم بۇنداق زەربىلىك دولقۇنلاۋېرىپ، يۈرىكىمنى ھالسىراتتى، – دەپ پىچىرلايدۇ ئىچىمدىكى مەن.

سىزمۇ مەندەك مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلەر ئىچىدە ھېرىپ ياشامسىز، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزنىڭ بەكلا سەزگۈرلىشىپ كەتكەنلىكىڭىزنى سەمىڭىزگە سالامدۇ؟ مەن تونۇغۇن دوكتور مەرۋە ئازابنىڭ تەد ئېكىستىكى نۇتۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ زىيادە سەزگۈر كىشىلەر تىپىغا كىرىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەزملەشتۈردۈم، شۇنداقلا پىسخىك ھاياتىمنىڭ بەكلا چىگىش ۋە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم. ھېس -تۇيغۇلىرىمنىڭ ئاسانلا تۆۋەن نۇقتا بىلەن يۇقىرى نۇقتا ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىپ يۈرۈشىنى ھەرگىزمۇ خاراكتېرىمىزدىكى ئاجىزلىق دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلىمەسلىك قارارىغا كەلدىم ھەمدە بىيولوگىيەلىك، ئېرسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مېڭەمنىڭ ئىنسۇلا رايونىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق پىسخىكىلىق ھالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىۋالدىم. دوكتور مەرۋە ئازاب ئېيتقاندەك ئۆزىنى بايقاشتىنمۇ تاتلىقراق بىر تۇيغۇ بولمىسا كېرەك، ئىچىمدىكى مەن ئۇنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن تەنتەنە قىلغاندەك بىر تۇيغۇدا بولدۇم. سەزگۈرلۈكۈم ئېلىپ كەلگەن مۇرەككەپ ئىچكى ھاياتىمنى قەغەز

---

* تەد ئېكىس پىروگراممىسىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق Are you too sensitive? Should you change? | Marwa Azab | TEDxOakland

يۈزىگە تۆكۈپ، ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىشەنچ قىلىمەن... ئۆزۈمگە شىپا ئىزدىشىمنىڭ توغرا بولغانلىقىنى تېخىمۇ جەزملەشتۈردۈم. ئۆز نۆۋىتىدە مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلەرنىڭ كەلكۈنىدىن قانداق ساقلىنىش توغرۇلۇق ئىستراتېگىيە ئىگەللەپ قالغاندەكمۇ بولدۇم.

دوكتور مەرۋە ئازابىنىڭ ئېيتىشىچە، ئارىمىزدىكى تەخمىنەن 20 پىرسەنت ئادەم زىيادە سەزگۈر كىشىلەر تىپىغا كىرىدىكەن. ئەگەر سىز مۇشۇ 20 پىرسەنت ئادەمنىڭ قاتارىدا بولسىڭىز، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ زىيادە سەزگۈرلۈكتىن ئىبارەت بۇ خاراكتېرىڭىزنىڭ سىزنى ھالسىرىتىپ قويۇشىدىن ساقلىنالايسىز، قانداق قىلىپ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىڭىزنى چاقنىتىپ نۇر چاچقۇزالايسىز؟ بۇلارغا جاۋاب ئىزدىسىڭىز دوكتور مەرۋە ئازابىنىڭ تۆۋەندىكى نۇتۇقىغا مەرھەمەت.

دوكتور مەرۋە ئازاب كالىفورنىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىسخىكا ۋە ئىنسان تەرەققىياتى پەنلەر پىروفېسسورى بولۇپ، ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى نېرۋا ئىلمى ساھەسىدە ئالغان. ئۇ بىر مۇسۇلمان ئايال دوكتور بولۇپ، تەد ئېكىس پىروگراممىسىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى تولىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە بولۇپ، كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر نۇتۇقىنىڭ ئاخىرىدا زىكىر ۋە ئىبادەتنىڭ زىيادە سەزگۈر كىشىلەرنىڭ چىگىش روھى ھالىتىدە شىپالىق رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئۇ مۇسۇلمان كىملىكى، مول بىلىمى، ئىشەنچلىك ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن غەرب دۇنياسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى.

## نۇتۇق تېكىستى

مەن يامغۇرلۇق، تۇتۇق، پاتقاق كۈنلەردە سىرتلارنى ئايلىنىشقا ئامراق. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ھاۋارايىنى سىرتلارنى ئايلىنىشقا تازا ماس كەلمەيدىغان، ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بىر ۋاقىت دەپ قارايدۇ، بىراق مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. چۈنكى ئەگەر شۇنچە بىپايان كەتكەن تەبىئەتنىڭمۇ تازا مۇكەممەل بولمىغان پەيتلىرى بولىدىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭمۇ بەزى نۇقتىلاردا مۇكەممەل بولماسلىق ھوقۇقۇم بار دەپ قارايمەن. كىشىلەر يېنىمدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مەن ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم مۇشۇنداق ئويلاردا بولدۇم، ھەمدە قەدەملىرىمنى بارغانسېرى ئاستىلاتتىم. مەن مېڭىۋېتىپ ئانچە سېپمىتىرىك ئۆسمىگەن دەرەخلەرنى ماڭا ئېگىلىپ سالام بېرىۋاتقاندەك، مېنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. يېنىمدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر، ئەكسىچە، بۇ دەرەخلەرگە پەقەتلا دىققەت قىلمىغاندەك. شۇنداق قىلىپ نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن رەنجىگەن بۇ دەرەخلەر، ئاچچىقىنى چىقىش ئۈچۈن، تەكەببۇرلۇق بىلەن غادىيىپ، قەددىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشتى. بۇ خىل ئويلار، يەنى بۇ خىل ئۈچۈر بىر تەرەپ قىلىش جەريانى مەندە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

مەن بىر زىيادە سەزگۈر ئادەم. مېنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىم نېمە دېگەن ئېسىل ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەيتى ھە! مەن بۇ نۇقتىنى روھى ساغلاملىق خادىملىرىغا ئاتالغان بىر مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا بايقىۋالدىم. مەن قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمەيدىغان بۇ ماقالىنى شۇ چاغدا تېپىۋالغان ئىدىم. بۇ ماقالە «سەزگۈ بىر تەرەپ قىلىش سېزىمچانلىقى» دېگەن بىر نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر گېپ توغرۇلۇق توختىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ماقالىنى قانچىلىك چوڭقۇر قازالىسام شۇنچىلىك چوڭقۇر قېزىپ باقتىم. شۇنى ئىقرار قىلىمەنكى: ئۆزىنى بايقاشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش، ۋەياكى ئۇنىڭدەك تەس، ئازابلىق، بىراق نەتىجىلىك ھەمدە تاتلىق بىر جەريان بولمىسا كېرەك. «زىيادە سەزگۈر ئادەم»، ۋە بەزىدە «سەزگۈ بىر تەرەپ قىلىش سېزىمچانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئاتالغۇ دوكتور ئېلەيىن ئەرون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئارىمىزدا 20 پىرسەنت ئادەم زىيادە سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئالاھىدىلىك، يىغىنچاقلاپ ئېيتقىنىمىزدا ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىچكى تۇيغۇ ھاياتىغا ئىگە بولغان كىشىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل ئالاھىدىلىك يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تەندىكى ئىچكى بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكتۇر، بىراق مەن ئۆزۈم مەلۇم خىلدىكى بالىلىق كەچۈرمىش بۇ خىل ئېرسىي خاھىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ ۋە ياكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە، زىيادە سەزگۈر ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنىڭ تۈزىلىشى بىر ئاز پەرقلىق بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ مېڭىلىرى سايىلىگەن ۋاقتىمىزدا ھەمدە تەتقىقاتچىلار ئۇلارغا فوتو-سۈرەتلەرنى بېرىپ: «بىلەمسىز، بىزگە بۇ مەنزىرىدە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟» — دېگەن ۋاقتىدا پەرەز قىلىپ بېقىڭچۇ. زىيادە سەزگۈرچان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە، ئۇلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈ رايونى ۋە مېڭىسىنىڭ دىققەت مەركىزى رايونى سەزگۈرچانلىقى تۆۋەن كىشىلەرنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك ئاكتىپلىشىپ كېتىدۇ. مەن پەقەت زىيادە سەزگۈر كىشىلەرنى سۈرەتلەپ بېرىشكە تىرىشتىم خالاس، ھەرگىزمۇ بۇلارنىڭ پەرقى توغرۇلۇق بىر تەكشۈرۈش تىزىملىكى ۋە ياكى نەرسە-كېرەك ستىتۇېلىش تىزىملىكى تۇرغۇزماقچى ئەمەسمەن.

بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا مەن زىيادە سەزگۈر كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئوتتۇرىغا ھالەتكە كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكى قىسقا ھېكايىغا ئىخچاملايمەن. بۇ مانا مۇنداق. جېنا تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا يۈرۈشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ كۆكلىگىنى ھېچكىمگە ئوخشىمىغان بىر ھالەتتە سېزىدۇ. ئۇ يول مېڭىۋاتقاندا، دەرەخلەرنى

ئازراق ئېگىلىپ ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. تاغلار ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، خۇددى كۆرۈنۈشىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك بىر نەرسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۆيىگە كىرگەندە بولسا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئەڭ نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى، ھەر قانداق بىر غەيرى پۇراقنى ۋە ياكى غەيرى ئاۋازلارنى بىرىنچى بولۇپ بايقايدۇ، ئۇ يەنە ئاسانلا ھودۇقىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر كىنو ياكى كۆپ قىسىملىق تىياتىر كۆرۈۋاتقان بولسا ۋە ياكى كىتاب ئوقۇۋاتقان بولسا، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەر بىر پېرسوناژغا كىرىشىپ كېتىدۇ. دېمىسەكمۇ ئايانكى، ئۇ قورقۇنچلۇق كىنو كۆرۈۋاتقان بولسا ياكى ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بىر كىتاب ئوقۇۋاتقان بولسا ئۆزىنىڭ نورمال تۇيغۇسىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەپتىلەر سەرپ قىلىدۇ. خىزمەتتە، ئۇ ناھايىتى ئېسىل خىزمەتچى، بىراق خوجايىنى ئۇنى كۆزەتكەن ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ خىزمەت ئىپادىسى دائىم ناھايىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشنى خالىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆز ئىش-ھەرىكىتىگە زىيادە دىققەت قىلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پاسسىپ باھاغا يۈزلىنەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. زىيادە سەزگۈر ئادەملەر خىلمۇ-خىل كېلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئېيتقان بۇ ھېكايىنى ئۆزىڭىزنى زىيادە سەزگۈر ئادەم كاتېگورىيەسىگە ئايرىش ياكى ئايرىماسلىقتىكى ئۆلچەم قىلىۋالسىڭىز بولمايدۇ. ھازىر دەيدىغىنىم، زىيادە سەزگۈرلۈك ۋە ياكى زىيادە سەزگۈر ئادەم دېگەن گەپ تارتىنچاق ياكى ئىچ مىجەز دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، زىيادە سەزگۈر ئادەملەرنىڭ 30 پىرسەنتى تاش مىجەزلىك كىشىلەردۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، سەزگۈر بولماسلىق جەمئىيەتتە ئېنىقلا قارشى ئېلىنمايدۇ، بىراق ئۇنداق دېگەنلىك، ئەكسىچە بولۇش يەنى سەزگۈر بولۇش جەمئىيەتكە خۇش كېلەمدۇ-يوق؟ نەتىجىدە، جەمئىيىتىمىز بۇ توغرۇلۇق پەقەتلا بىر قارارغا كەلگىنى يوق. جەمئىيەت ھەر ئىككىلىسىنى ئانچە قارشى ئېلىپ كەتمەيدۇ. خوش، ئەگەر سىز سەزگۈر بولمىسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنى كۆپرەك ئويلاپ قويۇشىڭىزنى خالايدۇ. ئەگەر سىز سەزگۈر بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ يۈز تېرىڭىزنى قېلىنراق قىلىۋېلىشىڭىزنى خالايدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىجەزىمىزنىڭ قايسى خىل تىپتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز يەنىلا ئەركىن بولالمايمىز. ئۇنداقتا، قىزىق ئىش ھە، بىراق جەمئىيەتنىڭ تەلىپى، بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك ئالدىراش ھاياتىمىز، يەنى بۇ كۈنلەردە بىز ياشاۋاتقان بۇ خىل ھاياتىمىز بىلەن بىزنىڭ مىجەز تىپىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ماس كەلمەسلىك ھالىتى چۈشكۈنلىشىش، خامۇشلۇق كېسىلى ۋە باشقا پسىخىك كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى زىيادە سەزگۈر كىشىلەر ئىنچىكە بىر تەرەپ قىلىش ياكى چوڭقۇر بىر تەرەپ قىلىش جەريانى تۈپەيلىدىن، پاسسىپ باھا دېگەندەك ئىشلارنى ئالدىراپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمەيدۇ، شۇنداقلا قايتا-قايتا ئېلىپ بېرىلغان ئانالىز ھەمدە بۇ توغرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل روھىي گېمناستىكىلار تۈپەيلىدىن، بۇنداق ۋاقىتلاردا بەكلا بېسىم ئاستىدا قالىدۇ. چۈنكى زىيادە سەزگۈر كىشىلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسى شۇنداق غىدىقلىنىشچان كېلىدۇكى، خىزمەت جەريانىدا چارچاپ-تۈگىشىپ، خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ كېتىدىغان خېيىم -خەتىرى چوڭ بولىدۇ. بىز يۇقىرى سەزگۈرلۈك ۋە پسىخولوگىيەلىك قىيىنچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت، پەقەت ئازابلىق باللىق كەچۈرمىشكە ئىگە كىشىلەردىلا مەۋجۇت دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئەكسىچە، يامان ئەمەس ۋە ياكى ئىنتايىن ياخشى باللىق كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغانلاردىمۇ بۇ خىل زىيادە سەزگۈرلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەرخىل ئاكتىپ مەنىدىكى سۈپەتلەر بىلەن باغلىنىشچان بولىدۇ. شائىر، رەسسام، مۇزىكانتلاردا بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن كۆرۈلىدىغانلىقى پەقەتلا ھەيران قالارلىق ئەمەس. شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان مېڭە تەتقىقاتلىرىدا، ئۇلار شۇنى بايقىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان رايون باشقىلارغا بولغان ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيەنى قوللايدىغان رايون بىلەن بەزىدە كېسىشىپ كېتىدۇ. مېڭە توغرۇلۇق سۆز قىلىۋاتقان بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر نۇقتىنى دەپ ئۆتەيلى: ئىنسۇلا دەپ ئاتىلىدىغان مېڭە رايونى زىيادە سەزگۈر كىشىلەردە ئالاھىدە ھەرىكەتچان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئىنسۇلا ئىچكى سەزگۈلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل. شۇڭا سەزگۈر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تىڭشاپلا يۈرىدىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس. بۇ دېگەنلىك يەنە ئۇلار ئاغرىق، ئاچلىق ۋە كوفېئىنغىمۇ ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بىزنىڭ بۇ ئېغىر بېسىملارغا تولغان جەمئىيىتىمىز سىزنىڭ سەزگۈرلۈكتىن ئىبارەت بۇ ئالتۇندەك خاراكتېرىڭىزنى داتلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. قانداق قىلىپ بىز ئۇنى قايتىدىن نۇر چاچقۇزالايمىز؟ قانداق قىلغاندا سەزگۈرلۈكىڭىزنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە ئىشلىتەلەيسىز؟ مانا بۇيەردە ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر پىرىنسىپ بار: بۇ ئېشىپ كەتكەن سەزگۈرلۈك ھەمدە ئۇنىڭ پايدىسى يۇقىرى دەرىجىدىكى مىتابولىزم ئېھتىياجىغا ئىگە بولغان مۇرەككەپ نېرۋا سىستېمىسى، زىيادە ھەرىكەتچان نېرۋا سىستېمىسى، زىيادە قوزغالغان مېڭە رايونلىرىنىڭ بىيولوگىيەلىك تەننەرخىنى بېسىپ چۈشكەندىلا بۇ بىر خىل ئارتۇقچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بىز بۇنى كونكرېتراق، ئەمەلىيەتتە

قىلغىلى بولىدىغان ئىشتەك چۈشەندۈرۈپ باقايلى. سىزنىڭ ئىنتايىن ھاياجانلىنىدىغان نېرۋا سىستېمىڭىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، سىز مۇھىتىڭىزدىكى سىزنى قوزغىغۇچىلارنى ئازايتىشنى خالىشىڭىز، شۇڭا سىز كۈچلۈك غىدىقلايدىغان ئامىللارنىڭ سانىنى ئازايتىشىڭىز كېرەك. سىز سەزگۈ يۈكىڭىزنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىڭىزدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ياكى ھاياتىڭىز سىزنىڭ بىر نەچچە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، ئۇنداقتا سىز ئوخشاش ۋاقىتتا بېجىرىدىغان ئىشلىرىڭىزنىڭ سانىغا چەك قويۇشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئىشلەتسىڭىز (بۇنداق قىلىشىڭىز پەقەتلا خاتا ئەمەس)، سىز ئىشلىتىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە قاناللىرىنىڭ سانىغا چەك قويۇشىڭىز كېرەك. قەرەللىك ھالدا نېرۋا سېستىمىڭىزنى مەجبۇرى ئېتىپ قويۇشىڭىز كېرەك: نەپەس ئېلىش مەشىقلىرى، خىلۋەتتە تەپەككۇر قىلىش، جىمجىت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر جىمجىت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش سىزنى پاسسىپ خىياللار قاينىمىدا ئېقىتىپ كەتسە، ئۇنى تاللىماڭ. ئۇنداقتا سىز بۇ خىل خىياللارنى سۈزۈپ، بۇ خىل ئاۋازنىڭ (ئىچىڭىزدىكى ئاۋاز) ئورنىغا باشقا تېپتىكى ئاۋازلارنى قويۇڭ. ئەگەردە سىز ھەقىقەتەن كىرىشەلىسىڭىز ئىبادەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ھەقىقەتەن ياخشى. شۇڭلاشقا مەن «زىكىر» دەپ ئاتىلىدىغان ئىبادەتنى قىلىشقا ئامراق. زىكىر مەلۇم ساندا تەكرارلىنىدىغان، بۇيرۇلغان مىننەتدارلىق بايانلىرىنىڭ تەكرار ئېيتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىزنى نۇرغۇنلىغان ئوي-خىياللار چىرمىۋالغان بولسا، ئۇلار ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىڭىزنى غۇۋۋالاشتۇرۇپ قويىدۇ، چۈشىنىش ئىقتىدارىڭىزنى ئاستىلىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنى(ئوي-خىياللىرىڭىزنى دېمەكچى) قەغەزگە تۆكۈڭ، كاللىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاپ قەغەز يۈزىگە پۈتۈپ قويۇڭ. كىم بىلىدۇ، ئىنتايىن گۈزەل، ئېسىل، شېپالىق نەرسىلەر چىقىپ قالامدۇ تېخى. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ئىنتايىن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بىر ئادەم. شۇڭا تالانتىڭىز نېمە بولسا شۇنى قىلىڭ: سىزىڭ، بوياڭ، يېزىڭ. ئاخىردا دەيدىغىنىم، ئۆزىڭىزدە راھەت تۇيۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىرسىي (تۇغما) خاراكتېرىڭىزدە راھەت بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ شۇنداق يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن راھەت ھېس قىلىڭ. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇڭكى، زىنھار ئۇنىڭدىن نومۇس ھېس قىلماڭ. ھەمدە شۇنى يادىڭىزدا تۇتۇڭكى، بۇ خىل ئالاھىدىلىكىڭىز تۇغما تالانتىڭىز ھەمدە يېڭىلىق يارىتىش روھىڭىز ھەم بارلىق ياخشى نەرسىلەر بىلەن باغلانغان. ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت باغلىغان كىشىلىرىڭىزگە بۇ خىل ئالاھىدە تەرىپىڭىز( دوكتور مەرۋە يۇمشاق ئىقتىدار دەپ ئالغان) توغرۇلۇق توختىلىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرماڭ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئەڭ ياخشى ئۆزىڭىز بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى ئاتا-ئانا، ئەڭ ياخشى پەرزەنت، ئەڭ ياخشى بىر تۇغقان، ئەڭ ياخشى باشقۇرغۇچى، ئەڭ ياخشى جۆرە ( ئايال ياكى ئەر دېمەكچى) بولۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇڭ. مەن ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىش، مېنىڭچە مۇنداق: مېنىڭ روھىمنىڭ يىپلىرى يېشىلگەندە، ئارقىدىنلا بىر قايمۇقۇش دەۋرى ئەگىشىپ كېلىدۇ، ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىنى تىڭشىغان ۋاقىتلىرىمدا ھېچنېمىنى بىلەلمەسلىك ئەندىشىسى بۇ چىگىشنى تېخىمۇ يامان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. تاكى مەن ئۇنىڭغا بىر ئىسىم قويمىغۇچە، ئۇنى تەسۋىرلىمىگۈچە، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىمىگىچە بۇ خىل ھالەت پەسكويغا چۈشمەيدۇ. بىلمەيمەنكى ماڭا ئوخشاش بۇنداق ھالەتنى بېشىدىن كەچۈرىدىغان كىشىلەر چوقۇم بار. ھازىر مەن ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن ھاياتىمنىڭ ئامىللىرىنى مېنى راھەت قىلىدىغان، مېنى چاقنىتىدىغان، مېنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدىغان، ئەڭ مۇھىمى، مېنىڭ قەلبىمنى تۇنجۇقتۇرمايدىغان بىر رەۋىشتە قۇراشتۇرۇپ چىقالايمەن. مەن ھەممىڭلارنى بۇ نەتىجىلىك ھەمدە قىيىن سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەكلىپ قىلىمەن. بۇ سەپەرگە ئاتلىنامسىز؟ مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تەلەي سىلەرگە يار بولغاي، رەھمەت!

ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى سەرۋى
(ئامېرىكا)

ئالدىراپ قىلىنغان ئىشلار خام بولىدۇ،
ئاش- تاماقنىمۇ ئالدىراپ يېسە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# قايتىش

(ھېكايە)

ئابدۇلھەكىم ئايدىن

(1)

ساھىل يولى بوّگوْن تولىمۇ تىنىچ ۋە گوْزەل كوْرۈنەتتى، ئايرىلىشقا قىيمىغانلىقتىن بولسا كېرەك بوّگوْن ئىستانبۇل باشقىچە بىر توْسكە كىرگەندەك بىلىنىۋاتاتتى، كوْپ-كوْك دېڭىز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كوْرۈنىدىغان مارمارا دېڭىزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاراللاردىن بىزگە خوشلىشىش سادالىرى چىقىۋاتقاندەك، ئۈيغۇرنىڭ نۇرغۇن ئاھۇ- زارىغا شاھىد بولغان زەيتىنبۇرنۇ: مۇبارەك بولسۇن ! ئانا ۋەتىنىڭلار ئامان بولسۇن! ئاق يول بولسۇن!... دۇئالىرى بىلەن بىزنى ئۇزىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئادەتتە بۇنداق تۇيغۇلار ئادەمنى خۇددى كوْنوْپ قالغان يېزىسىدىن ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئۈچوْن ماڭغان، ئايرىلىشقا قىيماي كەينىگە نەچچە قېتىملاپ بۇرۇلۇپ قاراپ قويىدىغان، ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان يىگىتلەرنى ئەسلىتىدۇ. مەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئىستانبۇلدىن ئايرىلىۋاتاتتىم، ئەمما ۋەتىنىمگە بولغان سېغىنىش ئوتىنىڭ ئالدىدا بۇ ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى، ئەگەر ۋەتىنىمگە پىيادە كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ھەر ۋاقىت مېڭىشقا ھازىر ھالدا نەچچە ئون يىل ياشىدىم ئەمەسمۇ؟ بوْگوْن مەن ئەڭ بەختىلىك، ئەڭ خۇشال ۋە ئەڭ ھوزۇرلۇق بىر كوْننى ئوْتكوْزىۋاتىمەن. نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن! ۋەتەن ئوتىدا پۇچىلىنىپ ھاياتىنى چەتئەللەردە، مۇساپىرچىلىقتا ئوْتكوْزگەن نۇرغۇن مۇھاجىرلارنى كوْرگەنمەن، ۋەتەن تۇپرىقىنى قۇچاقلىيالماي، بىر قېتىم پۇرىيالماي قەبرىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قالغان نۇرغۇن ئۇيغۇرنى كوْرگەنمەن. ئەمما بۇ بەخت ماڭا نېسىپ بولدى ئەمەسمۇ!

(2)

كوْز ئايلىرى - پەسىللەرنىڭ سەركىسى، ئايلارنىڭ گوْزىلى، توقلۇق ۋە باياشاتلىقنىڭ، گوْزەللىك ۋە لاتاپەتنىڭ سىمۋولى، دەپ تەرىپلىنىدۇ. چوْنكى بۇ ئايلاردا يىل بويى جاپالىق ئىشلىگەن دېھقان- چارۋىچىلار، مالچى- باغۋەنلەر مول- ھوسۇل شاتلىقىغا چوْمىدۇ. تىجارەتچىلەر بىر يىللىق ھېساۋاتلىرىنى قىلىشىپ يىل ئىچىدە تاپقان پايدىسىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە ئالدىرىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بولسا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنى باشلاش بىلەن تەڭ ئىلىم دېڭىزىغا سال سالىدۇ. ھەتتا چوْمۈلىلەرمۇ قەھرىتان قىشنىڭ تەييارلىقىنى ئالدىراش باشلاپ كېتىدىغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق گوْزەل كوْنلەردە ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ توْگەنچىسىگە جايلاشقان، توْركلەرنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەھرى، دۇنيانىڭ جەننىتى، دەپ تەرىپلىنىدىغان ئىستانبۇل شەھرىمۇ پوْتوْن گوْزەللىكىنى نامايەن قىلىۋاتاتتى. دۇنيانىڭ خىلمۇ- خىل جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، سەيياھلار، بىر يىل تىنماي ئىشلەپ دەم ئېلىش كوْنلىرىنى ئائىلە بويىچە ياكى يەككە ھالدا ئەڭ گوْزەل يەرلەردە ئوْتكوْزوْشنى، ھاردۇقىنى چىقىرىشنى خالىغان كىشىلەرنى ئوْزىگە جەلپ قىلىپ دۇنيانىڭ ئادەم ئەڭ كوْپ شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئايلىناتتى. مانا بۇ باغرى كەڭرى، مېھرى ئىسسىق، جەلپ قىلىش كوْچى ئىنتايىن يۇقىرى شەھەردە مەن ۋەتىنىم شەرقىي توْركىستاندىن يىراق ھالدا يېرىم ئوْمروْمنى، ياشلىق باھارىمنى ئوْتكوْزگەن ئىدىم. ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇققانلىرىمنى بىر كوْروْۋېلىپ ئوْلوْپ كەتسەم، ئۇلارنىڭ دىدارىغا بىر قارىۋېلىپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلسام ئارمىنىم يوق دەپ ياشاۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئىدى. ۋەتەندىن چىققىنىمغا ساپساق 16 يىل، 3 ئاي، 8 كوْن بولۇپ قاپتۇ، بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان جەۋر، جاپا- مۇشەققەتلەرنى چەككەن، ئوقۇش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ھاياتىمدا غەم - ئەندىشە ئىچىدە ياشىغان بولسامۇ، رەببىمنىڭ ئاسانلىق بېرىشى، ئائىلىنىڭ بەرىكىتى بىلەن شەرئەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ۋە توْركىيەدىكى مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسلام بىلىملىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدىم. ئائىلەمنىڭ گوْللىرى بولغان كوْيوْمچان ئايالىم، ئەقىللىق قىزىم ۋە تىرىشچان ئوغلۇمنىڭ ھاياتىمغا قانچىلىك مەنا ئاتا قىلغىنىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. چوْنكى ئۇلار ۋەتەنسىز، تۇپراقسىز، ئۇرۇق- تۇققانسىز، يەككە- يىگانە قالغىنىمدا ھەمراھ بولغان، 15 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ھەر قېتىم چوْشكوْنلەشكەن، ئوْزوْمنى يوقاتقان ۋاقتىمدا زىدە قەلبىمگە مەلھەم بولغان ۋە ماڭا ئوْمىد بېغىشلىغان غەمگوْزارلىرىم ئەمەسمۇ؟ بۇ تۇيغۇنى پەقەت مۇھاجىرلىق دەردىنى تارتىپ باققان كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ، بەزى ئوْزوْڭدىن ئاغرىنىسەن، ئەپسۇسلىنىسەن، ئوْزوْڭنى يارىماس دەپ ئەيىپلەپ باقىسەن. دىن، ۋەتەن، مىللەت، ئالدىدىكى بۇرچۇڭنى ئادا قىلالمىغان، ئوْز تۇپرىقىڭنى ياۋلار قولىدىن قۇتقۇزالمىغان بىر ۋىجدانسىز، غورۇرسىز ئادەم دەپ تىللاپ باقىسەن، ئەمما يەنىلا قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ساڭا كوْچ- قۇۋۋەت بېغىشلىيالايدىغان، ئوْمىد ئۇچقۇنىنى قەلبىڭگە تاشلىيالايدىغان ۋە سېنى ئوْمىدسىزلىك ۋە ئازاپ جەھەننىمىدىن ئوْمىدۋارلىق ۋە ئاكتىپلىق جەننىتىگە چىقىرالايدىغان بۇ كىشىلەر، خۇددى سۇسىز چوْلدە ھاياتلىق ئۈچوْن جان تالىشىپ قالغىنىڭدا ساڭا ئابىي ھايات بېرىپ ھاياتلىققا ئېرىشتوْرگەن «قۇتقۇزغۇچىلار»غا ئوخشايدۇ. شۇنداق غەمگوْزارلىرىڭىز، يېقىنلىرىڭىز ياكى دوستلىرىڭىز بولسا چوقۇم قەدىرلىشىڭىز كېرەك.

مېڭىشقا تەمشەلگىنىمىزدە قوشنىمىز باھادىر بەي ئۇچراپ قالدى، ئەھۋاللىشىپ ئۆزۈمنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا، ئانا ۋەتىنىمگە قايتىدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، مەڭزىلىرىمگە سۆيۈپ مۇبارەكلەپ كەتتى، ۋە: ئىنسان ئۇچۇن تۇغۇلغان جاي ئىنتايىن مۇقەددەس، پۈتۈن تۈرك ئۇرۇق- قەبىلىلىرىنىڭ تۇغۇلغان جايى، ئانا يۇرتىمىز بولغان شەرقىي تۈركىستان تېخىمۇ مۇقەددەس. ئۇ يۇرت پۈتۈن تۈركلەرگە ئامانەت. سىلەرگە ئامانەت، يۇرتىمىزنى چوقۇم قوغداپ قېلىڭلار، ئاللاھ مۇبارەك قىلسۇن. دېدى مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا ئىختىيارسىز ئۆزىمىزنىڭ تۈركلەر ئۈستىدىكى مىللىي پەرز كۆپايىنى ئادا قىلىۋاتقان قەھرىمان مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئويلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم ۋە تولىمۇ ئېپتىخارلاندىم.

شۇنداق خىياللار ئىچىدە ئايرودۇرۇمغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتتۇۋاتىمىز. ساياھەت مەزگىلى بولغاچقا ئىستانبۇل خەلقئارا ئايرودورومى ناھايىتى بېسىق ئىدى، ئۇزۇن- ئۇزۇن ئۆچرەتلەر ھەر مىللەتتىن بولغان، رەڭگى، تىلى ۋە دىنى ئوخشىمايدىغان يولۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن، ھۆر ھاياتقا ئېرىشكەن، مۇستەقىل دۆلىتى يىقىلىپ بىر ئەسىردىن كېيىن قايتىدىن قۇرۇلغان بىر دۆلەتكە قايتىۋاتقان پەقەت ۋە پەقەت بىز بولساق كېرەك. بەلكىم ئۇلارمۇ يۇرتلىرىغا قايتىۋاتقان بولىشى مۇمكىن، ئەمما بىز مۇستەقىل دۆلىتىمىزگە قايتىۋاتاتتۇق، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق ئۈچۈن بىر ئەسىر كۆرەش قىلىنغان، مۇجاھىد ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەزىز تۇپراققا قايتىۋاتاتتۇق...

ئالدىمىزدىكى ئۆچىرەت بارا- بارا يېقىنلاۋاتتى، خىزمەتچىلەر توختىماي ئىشلەۋاتاتتى، شۇنداق بولسىمۇ خۇددى سائەت توختاپ قالغاندەك، ھەممە نەرسە ناھايىتى ئاستا خىزمەت قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم، شۇ سەۋەپ پات- پات سەپىنىڭ سىرتىغا بىر قەدەم چىقىپ بوينۇمنى سوزۇپ تۇرۇپ ئالدىمىزغا قاراپ باقاتتىم، ئەيتاۋۇر بىر مەھەلدىن كېيىن نۆۋەت ئاخىرى بىزگە كەلدى، ئۈستىگە ئاي يۇلتۇز بېسىلغان كۆك رەڭلىك شەرقىي تۈركىستان پاسپورتىنى چىقارغىنىمدا، خۇددى پۈتۈن ئايرودۇرۇم ماڭا قاراۋاتقاندەك، قولۇمدىكى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك بەلگىسىگە قاراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم ۋە تاۋكادا ئۇتقان قىمارۋازدەك مەغرۇرلارچە پاسپورتۇمنى ئۇزاتتىم. ئايروپىلان خىزمەتچىسىنىڭ ھەيران قالماسلىقى ۋە نورمال ئىش بىجىرىشى كۆڭلۈمنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويغان ئىدى. بىلەت ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ يۈك- تاقىلارنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، ئايرودۇرۇم خىزمەتچىسى: سىز شەرقىي تۈركىستانلىقمۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن: ھەئە، 15 يىلدىن كېيىن ئاخىرى يۇرتىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق.

ئايروپىلان خىزمەتچىسى: ماشائاللاھ! ئاللاھ مۇستەقىللىقلىرىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا نىسىپ قىلسۇن.

مەن: ئامىن، رەھمەت، ئىشلىرىڭلار ئاسان بولسۇن...

(3)

مانا بۈگۈن يۈك- تاقىلارنى ئاران تەستە دېگۈدەك يىغىشتۇرۇپ 5 - قەۋەتتىن پەسكە توشۇۋاتىمەن، ئاخشام كەلگەن ياخشى خەۋەر پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ ئاتموسفىراسىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرىۋەتكەن، خۇددى لاچىن سوقۇۋەتكەن كەپتەردەك ئەقلىمىزنى يوقىتىپ ئىختىيارسىز ھالدا بايرام تەنتەنىسىگە چۆمدۈرگەن ۋە خۇدىمىزنى يوقاتقان، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتۇق. ۋەتەنگە قايتىش، ئۈرۈمچى ئايرودۇرومى، مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققان مېھرىبان ئانام، قاپىقى يامان، خۇشاللىقىنى ئەسلا تىلىدا ئىپادىلىمەيدىغان قەھرىمان دادام ۋە ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلاشلىرىنى ئويلىساملا ھەممىنى ئۇنتۇپ كۈچ- قۇۋۋەتكە تولاتتىم. چوڭ قىزىم 15ياشقا توشۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتەن دېسە پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر خىل تەلپۈنۈش ۋە سېغىنىش ئاشكارا بولاتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ بۇنداق تۇيغۇغا چۆمگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالاتتىم؛ پەرزەنتلىرىمنى «ۋەتەن قوينىدا ياشاش» دىن ئىبارەت ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرەلمىگەنلىكىمدىن ئۆكۈنەتتىم ۋە گۇناھكار ھېس قىلاتتىم. قىزىم ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ۋەتەنگە قايتىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاش بىلەنلا تۇرالماي قالدى ۋە دەرھال ۋەتەنگە قايتىش، ئوقۇشىنى ۋەتەندە تاماملاش كويىغا چۈشتى، مىنىڭ تەسلىكتە ۋەتەندە زىيارەتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىستانبۇلغا قايتىش شەرتى بىلەن ئىككى ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ تەييار قىلدىم. ئوغلۇم ئىبراھىممۇ ئاچىسىغا ئوخشاشلا ناھايىتى تىت- تىت بولىۋاتاتتى. مەن سۆزلەپ بەرگەن كىچىك ئېرىق، باسما قۇدۇق، باراڭ ئاستىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ، ئۆستەڭ تۈۋىدە بىر ساپاق ئۈزۈمنى يىپقا باغلاپ سۇغا ساڭگىلىتىپ قويۇپ بىر پارچە قاتتىق كاكچىنى ئۆستەڭنىڭ ئۇ بېشىدىن قويۇپ بېرىپ ئالدىمىزغا كەلگەندە ھېلىقى ئۈزۈم بىلەن بىر چىشلىۋېلىپ يەنە سۇغا ئېتىپ يېيىش، توپىلىق يوللاردا يالاڭئاياغ مېڭىش، ئاچىماق ياغاچتىن رەگەتكە ياساپ ئويناش، ۋېلىسىپىت كامىرىنى دۈگىلىتىپ ئويناش، قىشتا بولسا چۇك ياساش ، چانا ياساش، مۇز تېيىلىش، نۇر پىرقىرىتىپ ئويناش... قاتارلىق ئويۇن ۋە ھېكايىلەرنى ئۆزى بىۋاستە سىناپ باقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئېغىزى بېسىقمايۋاتاتتى. شۇنداق، ۋەتەن ئۇ ئىنسان يارىتىلغان چاغدا ئاللاھ تەرەپتىن بەندىگە ئاتا قىلىنغان، ھېچقانداق سىرتقى تەسىرگە ئۇچرىمايدىغان، يوقىمايدىغان، كونىراپ ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغان، ياخشىغىمۇ يامانغىمۇ ئورتاق بېرىلگەن بىر گۆھەر بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخى بۇ ھەممىگە ئايان ھەقىقەت بىلەن تولغان. مانا مېنىڭ بالىلىرىممۇ ئەسلى تەبىئىيىتىدىكى بۇ ھەقىقەتنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان، ھالاۋىتىنى سۈرىدىغان، يېنىپ تۇرغان يۈرىكىگە ئارامبەخش مەلھەم سۈركەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ئەمەسمۇ؟

(4)

شۇنداق قىلىپ تەييارلىقلارمۇ پۈتۈپ قالدى. يۈك تاقىلىرىمىزنى تاكسىغا جايلاشتۇرۇپ ئوپۇل- تۇپۇل

مۇشۇ قىسقىغىنە دىئالوگ بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمگە قايتىۋاتقانلىقىمنى، ئۇ دۆلەتتە ئەمدى ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولالايدىغانلىقىمنى جاكارلىۋالغان، خۇشاللىقىمنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىۋالغانلىقىمدىن، خۇددى ئۆزۈمنى چېلىشىشتا يېڭىۋېلىپ مەيداندا: ماڭا تەڭ كېلەلىگۈدەك ئەزىمەت بارمۇ؟ بولسا چىقسۇن! دەپ ۋارقىراۋاتقان پالۋان ھېس قىلىپ كەتتىم، ئەركىنلىكىنىڭ پارىڭىمۇ شۇنچىلىك ھوزۇر بولىدىكەن دېسە...

ئايروپىلان كۆتۈلۈش زالىغا كىردۇق، قارىسام قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇقلاردا بىز بىلەن تەڭ چەتئەلگە چىققان، ئاندىن تۈركىيەگە كەلگەن بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالىلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار بىلەن چىرايلىق سالام- سائەت قىلىشقاندىن كېيىن ئاتا- ئانىلىرىنى سورىدىم، ئۇلار ئاتا- ئانىلىرىنىڭ قايتىشنى خالىمىغانلىقىنى، تۈركىيەگە كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى زىيارەت قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى ئېيتىشتى. تۇۋا! دېگىنىمچە ياقامنى چىشلىدىم، ئەينى چاغدا نامايىش، يىغىلىشلاردا: ۋەتەن ساڭا جېنىم پىدا ! دەپ تازا تۇۋلاشمىغانمىدۇق؟ بىر نامايىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسلاردا يىراق- يىراقلارغا بارمىغانمىدۇق؟ ۋەتەن ئازات بولسا بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق! دەپ ئېغىزىمىزغا توشقۇزۇپ سۆزلەشمىگەنمىدۇق؟ ئەمدىلىكتە بولغاندا خىزمىتىم، شىركىتىم، ئۆيۈم، دۇكىنىم، ماشىنام ... دەپ ۋەتەننى ئۇنۇتتۇڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلار نەگە كەتتى؟ دەپ تازا تىللىغۇم كەلدى. بىز ئۆگەنگەن ۋەتەن سۆيگۈسى مۇشۇنداقمىتى؟ بىز ۋەتەننى ئازاد قىلىش، ھۆرلۈككە چىقىرىش، كېيىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇمىدۇقمۇ؟ مانا ھازىر ۋەتەن بىزگە ئەڭ مۇھتاج ۋاقىتلار، يېڭى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردۇق، ئەمدى ئۇنى ساقلاپ قېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟ دېگەندەكلەرنى ئويلاپ ئۆلگۈردۈم ۋە تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

ۋاقىت بارا- بارا يېقىنلىشىۋاتاتتى، بىزنىڭ بالىلار ھېچ بېسىقىدىغاندەك ئەمەس، ئۆيدىن چىققاندىن بېرى توختىماي پاراڭ سېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىسا كېرەك! چۈنكى ئۆسمۈرلەر سەممىيەت، ھېس- تۇيغۇ ۋە روھىي كەيپىياتىنى ئىپادىلەشتە چوڭلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تەبىئىي بولىدىكەن، ئۇلاردا چوڭلاردىكى ھاياتنىڭ بېسىملىرى ئاستىدا زورىغا كۈلىدىغان، ھەر ئىشتا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە پىلان تۈزىدىغان ئىنسانىي قەدىر- قىممەتكە مۇخالىپ ئەھۋاللار يوق ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت بالىلاردىلا بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئەڭ ساپ ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، مانا مەن بۈگۈن بالىلىرىمدىن بۇ ھالەتنى كۆرۈۋاتاتتىم...

مانا دېرىزىدىن قۇيرۇقىغا ۋەتىنىمىزنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى چۈشۈرۈلگەن ئايروپىلان چىقىش ئېغىزىنىڭ ئالدىدا توختىدى، بۇ چاغدىكى تۇيغۇلارنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئىشقىلىپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلگەن ئىدى، چىقىش ئىشىكىمۇ ئېچىلدى، مەن ئاستا قەدەم ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدىم، ئەمما باسقان قەدەملىرىمنى ھېس قىلالمايۋاتاتتىم، مەن مېڭىۋاتامدىم ؟ دەپ سورىدىم ئايالىمدىن، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: ھەئە، ئايروپىلانغا قاراپ مېڭىۋاتىمىز، دادام، ئاپاملارنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمىز. دېدى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ. مېنى چىمداپ باقە قېنى! چۈشۈم ئەمەستۇ؟ دېدىم، ئۇ شۇنداق تاتلىق بىر چىمدىدىكى ئاغرىقتىن ۋايجان دەپ تۈۋلىۋەتكىلى تاس قالدىم، شۇندىلا بۇنىڭ چۈش ئەمەس رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

تار كارىدورلاردىن ماڭغانچە ئايروپىلاننىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدۇق، بېشىغا دوپپا، ئۈچىسىغا كانىۋاي كۆينەك كەيگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى مېھمانلارنى قارشى ئېلىۋاتاتتى؛ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز مېھمانلار ! خۇش كەپسىلەر! ئاۋايلاپ مېڭىڭلار... دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى، ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم تېخىمۇ تېز سوقۇشقا باشلىدى، چۈنكى مەن سېغىنغان يۇرتۇمنىڭ ئايروپىلانىدا، مەن سۆيىدىغان مىللەت يىگىتى، مەن سۆيگەن مىللەت ئۈچۈن، مەن سۆيگەن تىلدا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئايروپىلاننىڭ ئىچىگە كىرگىنىمدە ئۆزۈمنى خۇددى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ياسىداق ئۆيلىرىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، ئايروپىلاننىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تار خوتەن گىلىمى، ئەتلەستىن تىكىلگەن ئورۇندۇق قاپلىرى، كۈتكۈچى قىزلار كەيگەن خىزمەت كىيىملىرىمۇ مىللىيلىك ۋە ئۇيغۇرلۇقنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ تۇراتتى؛ بىر قاراپلا ئۇيغۇرنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

بىز ئورنىمىزنى تېپىپ ئولتۇردۇق، ھەممە ئادەم ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى تاقالدى دە، ئاستا ئارقا تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئايروپىلان خادىمى يىگىت بىزگە بىخەتەرلىك تاسمىسىنى قانداق تاقاش، جىددىي ئەھۋاللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئىنگلىز تىلىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتاتتى، بۇ تېزلىك ماڭا ۋەتەنگە قاراپ ئاتلىنىشنىڭ ھوزۇرىنى بېرىۋاتاتتى، مانا ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى، شۇنچە يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن ئۇچرىشىشقا قاراپ كۆتۈرۈلگەن ئىدى، ئىستانبۇلنىڭ بىنالىرى، يېشىللىقلىرى بارا- بارا غايىپ بولدى ۋە بىردىنلا بۇلۇت ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى، ئايروپىلاننىڭ قايسى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچىۋاتقانلىقىنى پەقەت ئالدىمىزدىكى ئېكراندا كۆرۈۋاتاتتۇق، بىز ھەممىمىز مەنزىلگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىشىپ چەكسىز لەززەتكە غەرق بولغان ئىدۇق، مەن بۇ گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە ۋەتىنىمگە قاراپ ئۇچىۋاتاتتىم.

ئاھ گۈزەل يۇرتۇم ! سېنى بەكمۇ سېغىندىم، سەنمۇ مېنى سېغىندىڭمۇ ؟ سېنىڭ تۇپرىقىڭغا يەنە بىر قېتىم دەسسىگەن ۋاقىتتا قانداق تۇيغۇ بولار؟ سېنى سۆيىمەن مېنىڭ جان ۋەتىنىم ئەزىز، ھۆر شەرقىي تۈركىستان!

2020 - يىلى 10 - ئىيۇل

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجهۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

◆ بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز، كىم بولالايدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز.

—ۋىلىيام شېكىسپىر (برىتانىيە)

◆ ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك بەختلىك ئىكەنلىكىمنى بىلگىنىمدە، پۈتۈن دۇنيارىم ئۆزگەردى.

—ۋىللىي نەلسون (ئامېرىكا)

◆ مېنىڭ بەدىنىمگە بىر نەچچە تاتۇق چۈشۈرمەي ئۆلۈپ كەتكىم يوق.

—چاك پاۋلانىك (ئامېرىكا)

◆ پەقەت يولنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن قورقمىغانلارلا يولنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

—ت. س. ئەللىيوت (ئامېرىكا)

◆ تاشقىن كۆتۈرۈلگەندە بېلىق چۈمۈلە يەيدۇ، تاشقىن يانغاندا چۈمۈلە بېلىق يەيدۇ.

—تايلاند خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ كىشىلەر ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئەمەلىيەتكە ئىشىنىدۇ.

—يۇلىئۇس كايسار (رىم ئىمپېرىيىسى)

◆ ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە ئەڭ ئىنتىلىدىغىنىڭىزنى قارار قىلىڭ، ئاندىن ئاشۇ نەرسە ئۈچۈن نېمىنى قۇربانلىق قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىڭىزنى قارار قىلىڭ، ئاندىن ئىشنى باشلاڭ.

—كىچىك خارولدسون لافايەتتە خانت (ئامېرىكا)

◆ ئۆلۈم كالېنداردا قارىمايدۇ.

—ئىنگىلىزچە ماقال - تەمسىل

◆ يەتتە قېتىم يىقىلسىڭىز سەككىز قېتىم ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

—ياپۇنچە ماقال - تەمسىل

◆ ھەقىقىي باراۋەرلىك بولمىسا ھەقىقىي مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ.

—شوتلاندىيە خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ بەش كىلومېتىرغا پىيادە مېڭىش ساغلام كىشىنىڭ پەرىشانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسىدۇر.

—پاۋل دادلىي ۋايت (ئامېرىكا)

◆ بىر تېمىم تۇغقانلىق بىر چىشلەم دوستلۇقتىن مۇھىم.

—ئىسپانىيە خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ نىشان بىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغانلا نەرسە ئەمەس، ئۇ ھەم بىزنى ھايات ساقلايدىغان نەرسىدۇر.

—روبېرت شۇللېر (ئامېرىكا)

◆ «قىلالمايمەن» سۆزى بەل قويۇۋېتىشكە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ تىرىشىشقا سەۋەب بولسۇن.

—نامەلۇم

◆ ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقۇشتۇر.

—ئالبېرت خۇببارد (ئامېرىكا)

◆ شەيتان شەيتان مىجەزنى ئىزدەيدۇ.

—شوتلاندىيە خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ قاراڭغۇدىكى سىز - ھەقىقىي سىز.

—دۋايت ل. مۇدىي (ئامېرىكا)

◆ مەن ئەتىدىن قورقمايمەن، چۈنكى مەن تۈنۈگۈننى كۆردۈم ۋە بۈگۈنگە كۆيدۈم.

—ۋىلىيام ئەلىن ۋايت (ئامېرىكا)

◆ ئاددىيلىق؟ ئاددىيلىقنى ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈڭ، بۇ دۇنيادا پەقەت قانۇنلا بار.

—ۋىلىيام گەددىس(ئامېرىكا)

◆ ئەمەلىيەتتە پەقەت ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلساقلا نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

—كىئانۇ رىۋىس (كانادا)

◆ پەقەت دانالارلا ئاددىي بولۇشقا چىقىش قىلالايدۇ.

— ستەندال (فرانسىيە)

◆ ئېسىللىقنىڭ ئۆلچىمى بولۇڭ، بەزى كىشىلەر ئېسىللار بىلەن تولغان مۇھىتقا كۆنمىگەن.

— ستىۋ جوبس (ئامېرىكا)



# ياغاچچى بىلەن بوياقچى

(چۆچەك)

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. بۇ ئىككى ئۇستا پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئوردا-سارايلىرىنى ياساپ زىننەتلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ بولىدىكەن. ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئاتىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان خىزمەتچىلەردەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن. بولۇپمۇ ياغاچچى ئۇستا تولىمۇ تەدبىرلىك، توغرا ئادەم ئىكەن. لېكىن بوياقچى ئىچى تار، كۆرەلمەس، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئۇ، پادىشاھنىڭ ياغاچچى ئۇستىنى ياخشى كۆرگىنىنى كۆرەلمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ياغاچچىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرۈيدىكەن. لېكىن چويلىغا توختىغۇدەك بىر ئەيىب تاپالمايدىكەن. ئىچى يامان بوياقچى ئۇنداق ئويلاپ-مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى ياغاچچىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ-دە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

– پادىشاھى ئالەم، – دەپتۇ قول قوشتۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ بوياقچى.

–جانابلىرىغا ناھايىتى بىر نازۇك ئىش بىلەن كەلدىم. ئېيتاي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز ھەمراھىم ياغاچچى ئۇستىنىڭ بۇ دۇنيادا تۇرماسلىقىغا زامىن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم. ئېيتماي دېسەم، جانابلىرىنىڭ بەرگەن تۇزىنى ئاياق-ئاستى قىلغاندەك بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم. ئاخىرى ئويلاپ، جانابلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى يوقىتىشنى ئۆزۈمگە ئىككىلا ئالەمدە گۇناھ دەپ بىلىپ، بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، – دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ پۈتۈن دىققىتىنى بوياقچىغا قارىتىپ:

– قېنى، ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى بېجىرگەيسەن, – دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە قىزىقىپ جاۋاب كۈتۈپتۇ.

– تەخسىر، پېقىرلىرى ئاخشام – ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە جەننەتنىڭ ئىچىدە يۈرگۈدەكمەن. جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل باغلىرىنى ئارىلاپ، ھۇرى–غۇلمانلار ئىچىدە مەيلى تاماشا قىلىپ، بىر پېشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كۆزۈمگە تونۇش بىر زات كۆرۈندى. تەنلىرىم يايرىغاندەك بولدى. بايقىغۇدەك بولسام، بۇ، جانابلىرىنىڭ ئاتىسى مەرھۇم شاھىمىز ئىكەن. ئۇ زات مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىغا چاقىردى. قېشىغا باردىم، ئاتىلىرىنىڭ يۈز–كۆزى نۇرغا تولغان، ئەتراپىدا ھۇر قىزلار جەۋلان قىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن پادىشاھىمىنىڭ ئۇلار بىلەن زادى كارى يوق ئىدى. مەن، پادىشاھىمنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر خاپا بولۇپ تۇرغىنىنى بايقىدىم. شاھىمدىن ئەھۋال سورىدىم.

شاھىم مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، جانابلىرىنى سورىدى. مەن: «ئوغۇللىرى ياخشى سەلتەنەت بىلەن پادىشاھلىقىنى قىلىۋاتىدۇ» دېدىم. لېكىن شاھىم بۇ جاۋابقىمۇ قىزىقمىدى. مەن ھەيران بولدۇم. ئاخىرى شاھىم: «مەن بۇ جەننەتتە خۇدانىڭ ئۇلۇغ رەھمىتىگە ئىگە بولدۇم. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جەننەتنىڭ ئىچى راھەت بىلەن تولغان. بىراق، بۇ يەرلەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۇ ئالەمدە ياساتقان ئىمارەتلىرىمگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلىرىمگە ئوخشاش ئىمارەتلەردە تۇرۇشنى خالايتتىم. لېكىن جەننەتتە ئۇنداق ئۆيلەرنى ياسايدىغان مېنىڭ ياغاچچى ئۇستام يوق. ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا قايتساڭ، ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويغىن، ئىلاجى قىلىپ شۇ ياغاچچى ئۇستىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن» دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتلىرى كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ھاياجان ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇۋېتىپتۇ. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەرەت ئالدىمدە، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، مەرھۇم شاھىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مانا بولغان ئەھۋال شۇ. بۇنى جانابلىرىغا يەتكۈزمەسلىكنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرمىدىم، — دەپ بوياقچى كۆز يېشىنى قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئاتىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپتۇ. دەرھال ئۆلىمالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۆلىمالار كىتاب ئېچىپ ئاخىر:

— بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە جاكا قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئوتۇن يىغدۇرۇش لازىم. يەنە شۇ ئوتۇننىڭ ئېگىزلىكلىرىگە كۆز يەتمەيدىغان بولغاندا ئۇنىڭغا ئوت يېقىش كېرەك، ياغاچچى ئۇستىنى بولسا، شۇ ئوتۇننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ كۆيدۈرسەك شەرت ئادا بولىدۇ. ئوت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر ياغاچچىنى كۆتۈرۈپ ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە پادىشاھ ياغاچچىغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپ، ئاھالىگە جاكارلاپ ئوتۇن يىغدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ياغاچچى دەررۇ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تاكى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە قەدەر يەر ئاستى يولى كولاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى كېلىپ، ياغاچچىنى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆلىمالارنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن، ئۇنى ئوتۇننىڭ تېگىگە باستۇرۇپتۇ. ياغاچچى ئوتۇننىڭ ئاستىغا كىرىپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ھېلىقى تۆشۈكنى تېپىۋېلىپ، يەر ئاستى يولى بىلەن ساق-سالامەت ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ. ئوتۇن بىر قانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياش پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

ياغاچچى ئۆيىدە ئىككى ئايغىچە ۋاقىتنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئويلا-ئويلا: «مەن بوياقچىغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىسام، نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلىدۇ؟ زادى ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. ئەمدى ماڭا كولىغا ئورىغا ئۆزى چۈشسۇن» دەپ بىر ئامال ئويلاپتۇ-دە، بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

ئەمدى تاڭ ئېتىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. ئۇ، دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، پادىشاھ ياتىدىغان ئۆينىڭ ئۇستىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۆگزىنىڭ قاتتىق غاراسلاپ كەتكىنىدىن پادىشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. دەررۇ پاشىۋانلىرىغا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

پاشىۋانلار ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى ياغاچچى تۇرغىدەك. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. ياغاچچى ئۇلارغا:

— مەندىن قورقماڭلار، مەن ئەرشىدىن چۈشتۈم. مەرھۇم پادىشاھىمغا جەننەتتە ئىمارەت ياساپ بېرىپ پۈتتۈردۈم. خۇدايىتائالا تېخى مېنى ئەجىلىم پۈتمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پاشىۋانلار ياغاچچىنى ئۆگزىدىن چۈشۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ. ياغاچچى پادىشاھقا تازىم قىلىپ، ئۆز سۆزىنى بايان قىپتۇ:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن جانابلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ قايتتىم. ئۆينى ياساپ بەردىم. ئاتىلىرى بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلىگە ناھايىتى كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە جانابلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. خوش، ئەمدى گەپكە كەلسەك، تەخسىر، مەن ئىمارەتنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى تاماملىدىم. بىراق، سىر-بوياقلار بىلەن قىلىنىدىغان زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىرى رەھمىتى تېخى ئۇ ئۆيگە ئورۇنلىشالمىدى.

مەن بۇ ياققا قايتىشتا ئاتىلىرى: «ئۆينىڭ زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، ئوغلۇم دەرھال بوياقچى ئۇستامنى ئەۋەتىۋەتسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بۇنىمۇ بېجىرسە مەن ھەددى-ھېسابسىز خۇش بولاتتىم»، — دېدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا تاپشۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئارزۇسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بەل باغلاپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغدۇرۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن بوياقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

# شېئىر قانداق ئوقۇلىدۇ؟

مەردان ئەھەتئېلى

(1)

## ئاغزىمدىكى كولدۇرما

ئەخمەتجان ئوسمان

تۇتاشماقتا قەلبىمگە
شەپەقنىڭ ئوتى.
كولدۇرلايدۇ ئاغزىمدا
تەڭرى سۈكۈتى.

«ئەخمەتجان ئوسمان تاللانما شېئىرلىرى»دىكى تۆنجى شېئىر ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن شېئىرىيلىقتا ئائىت ياخشى بىر «تۆنجى دەرس» بولالايدۇ دەپ ئويلايمىز. شەپەقنىڭ يالقۇنى دىلدىن ئۇپۇققىچە تۇتاشقان شۇ كۆيۈشنىڭ ئايان بولۇشىدۇر. شائىرنىڭ ۋۇجۇدى ئاشۇ كۆيۈشتە بولغاچ، ئۇنىڭ دىلىمۇ، تىلىمۇ شۇ كۆيۈشنىڭ بىر يالقۇنى خالاس. يەنە كېلىپ، كۆيگۈچىنى تىۋىشسىز كۆيدۈرگۈچى چاراسلاتقانلىقتىن، يالقۇننىڭ لاۋۇلدىشىدىكى تەۋرىنىشتە چېلىنغان تىلدا جاراڭلايدىغىنى تەڭرىنىڭ سۈكۈتىدۇر. يەنى، شائىر ئۈچۈن سۆز دېمەك، تەڭرى سۈكۈتىنىڭ سۆزلىنىشىدۇر.

تەڭرىنىڭ سۈكۈتى بولسا، سۆزسىز تەڭرىلىكنى يەنى شەرتسىز ۋە شەكسىز يەك- تەگ- تەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ.

كۆيۈشنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى قۇربان بېرىش، تەڭرى سۈكۈتىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى نامەلۇملۇقتا تىنجىشتۇر. مەسىلەن مۇنداق:

## شائىر

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

كىشىلەر ئىزدىگەن ئاشۇ نەرسىگە
مەن تامام ئۆزۈمنى ئەيلىدىم قۇربان.
كىشىلەر ئېيتالماي يۈرگەن سۆز ئۈچۈن
شائىر بوپ تىنچىدىم مىسكىن، باغرى قان.
دەرىخا،
بىلمەيمەن، نېمە ئۇ ئۇلار ئىزدىگەن؟
قانداق سۆز ئۇلارنىڭ ئېيتماق بولغىنى؟!

1994 -يىلى 19 -ئۆكتەبىر، خوتەن

(2)

## قارار

نەسرىن

ئەي قېنىمغا ئارىلىشىۋالغان گۈلدۈرمامىلار
ئەي بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالغان زاۋاللار
ئەي مېنى ئايلىنىۋاتقان قۇياشلار
ئەي يېزىلغان ۋە يېزىلمىغان شېئىرلار
ھىجراننى تۇغقان
ۋىسالنى ئۆلگەن بىر يول بار
مەن ئۇنىڭدا ھالاك بولۇشنى سۆيگۈچىمەن

تۆۋەندە شېئىرنى مىسرامۇ- مىسرا ئوقۇيمىز.

قارار: شۇ يولدا ھالاك بولۇش.

يول: ھىجراننى تۇغقان، ۋىسالنى ئۆلگەن.
ھىجران: - (بىر ئىشقتا) ئايرىلىش - پەرق؛
(ئاشىقنىڭ ھاياتى بىلەن)
تۇغۇش: - داۋاملىشىش؛
ۋىسال: - (بىر ئىشقتا) قوشۇلۇش - بىرلىك؛
(ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق)
ئۆلۈش: - توختاش؛

يول: ئۆلۈمدىكى ھايات شۇنداقلا ھاياتتىكى ئۆلۈم.

تېكىستتە «ئەي» دەپ ئاتالغانلىرى بولسا، ئاتىغۇچى بىلەن بولغان پەرقلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ: بىرىنچى:

قېنىمغا ئارىلىشىۋالغان گۈلدۈرمامىلار

قان: - ھاياتلىق ؛ كىملىك ؛ (تۆكۈلۈش) تەسەددۇق.
گۈلدۈرماما: - گۈلدۈرلەش- تەۋرىنىش- زىلزىلە.
ئارىلىشىۋېلىش: - قول تىقىش- بەلگىلەش؛ (زىلزىلىنىڭ سىڭىنىشى.

بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالغان زاۋاللار

بوغۇز: - (دېيىلىش- دېيىلمەسلىك) دېمەكنىڭ پاسىلى.
زاۋال: - چۆكۈشنىڭ يۈز بېرىشى.
تۇرۇپ قېلىش: - پاسىل.

مېنى ئايلىنىۋاتقان قۇياشلار
قۇياش: - يورۇتقۇچى.
مەن: - مەركەز؛ مەنبە (قۇياشلارنىڭ قۇياشى).
ئايلىنىش: - قۇياش بولۇپ يورىغان چۆرە.

يېزىلغان ۋە يېزىلمىغان شېئىرلار
: - شېئىرىيلىق.

ئىككىنچى:
گۈلدۈرماما: - (گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق) قۇرۇق ھەيۋە-
دەبدەبە.
ئارىلىشىۋېلىش: - زورلۇق.

بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالغان: - گالدىن سىقىلىش، سۆزدىن
توسۇلۇش.
(يۇتقىلى بولمايدىغان زەرداب،چىقارغىلى بولمايدىغان سۆز)

زاۋال: -گۇمرانلىق؛ ئۆچۈش.

مېنى ئايلىنىۋاتقان قۇياشلار: - مەبۇد قىلىپ تىكلىنىش.

شېئىر: - شېئىرىيلىقنىڭ يېزىقتا خاتىرىلىنىشى؛ شېئىرلار.

ھەمدە، قارار دېمەك بىر يولغا كېلىش بولغانلىقتىن،
يۇقىرىدىكىلەر بىر يولى مۇنداق ئوقۇلىدۇ:

پەرقتە داۋاملاشقان، بىرلىكتە توختىغان شۇ يولدا (
ئۆلۈمدىكى ھايات\ھاياتتىكى ئۆلۈمدە) ؛
ئەي، كىملىكىمگە زورلۇق قىلغۇچى دەبدەبىلەر، ھاياتىم
بولغىنىمدىن بولىدىغىنىمنى بەلگىلىگۈچى زىلزىلىگە
تەسەددۇق.
ئەي، سۆز توسقۇنچىلىرى، زەردابلار، دېمەك پاسىلىغا
چۆكىۋاتقان شۇ يۈزدە ئۆچۈڭلار.
ئەي، تىكلەنگەن مەبۇدلار، سىلەر پەقەت ئۇنىڭ يورۇق
گىرۋىكى.
شېئىرلاردا خاتىرىلەنگەن شېئىرىيلىق.

ھالاك :
دەبدەبىدىن – زىلزىلىگە؛
سۆزدىن – دېمەككە؛
يورۇق گىرۋەكتىن – قاراڭغۇ مەركەزگە؛
شېئىردىن – شېئىرىيلىققا
بولىدۇ.

(3)

## ئۇيقۇ

پاسئان

ھەر بىر يول ئېغىزى بىردىن ماشىنا
ھەر بىر ماشىنا بىردىن كۆچەت
ھەر بىر كۆچەت بىردىن بايراق
ھەر بىر بايراق بىردىن ئالقان
ھەر بىر ئالقىنىم
يول ئېغىزى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان.

ھەر بىر يول ئېغىزى بىردىن ماشىنا
: - تاللاش ماشىنىلاشقان؛

ھەر بىر ماشىنا بىردىن كۆچەت
: - ماشىنىلىشىش – تىكىلگەن، ئۆستۇرۇلگەن، يېتىلدۇرۇلگەن؛

ھەر بىر كۆچەت بىردىن بايراق
:- ھەر تىكىلىش تىكلەنگىنى تەرىپىدىن تىكىلىدۇ؛

ھەر بىر بايراق بىردىن ئالقان
:- تىكلەنگىنى ئىلىك؛

ھەر بىر ئالقىنىم
يول ئېغىزى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان.
:- ئىلىك يولغا قويۇش بىلەن بېكىتىدۇ.

ئۇيقۇ:
ئىلىك تەرىپىدىن بېكىتىلگەن يېتىلدۇرۇشىدە ماشىنىلاشقان
يولغا قويۇلۇش.

مېخانىك ئۇيقۇ كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدىن – سوتكا.
سىياسىي ئۇيقۇ – سىياسىي ئاڭدىكى بىخۇدلۇق.

ئۇيقۇ:
كەلگەن ھەم بېسىلغان؛

ئۇيقۇ:
مەۋجۇدىيىتىگە بولغان سەزمەسلىكتە ئۇيۇش.

(4)

## مۇشۇ چاغدىكى تەڭرى

تاھىر ھامۇت ئىزگىل

بۇنچە غاپىل بولماس ئىدىم
ئاشۇ قېتىم يولنىڭ قىرىدا ماڭغان بولسام
بىر تۈز سىزىقنىلا دەسسەپ.
بۇنچە ئازغۇن بولماس ئىدىم
ئاشۇ كېچە قولۇمنى دەرىزىدىن چىقارمىغان بولسام
ھۇۋۇقۇشنىڭ قاناتلىرىنى سىلايمەن دەپ.

ئەمما
مۇشۇ چاغدىكى تەڭرىنىڭ نىمە كارى؟
يول بويىدىكى ئاق تېرەكنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن
قاناپ كەتكەن بارماقلار بىلەن
ئۆسمۈر چېغىمىزدىلا سەۋدا بولغان بىز بىلەن

شائىر تەڭرىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ تەڭرىگە "مەن بىلەن چوقۇم كارىڭ بولۇشى كېرەك" دېمەيدۇ (نە ھەددى؟).

تەڭرىنىڭ مۇشۇ چاغدىلا ئەمەس، ھەرقانداق چاغدا كارى بولمىغان؛
ياكى تەڭرىنىڭ كارى بولۇپ بولغان. ئاشۇ چاغدا.
قايسى چاغدا؟
باشلىنىشتا، سەۋدالىقنىڭ باشلىنىشىدا.
قانداق قىلىپ؟
بارماقلارنى قانىتىپ.
نېمە دەپ؟
ئاقتېرەكلەرنىڭ ۋەسسىيىتىدە سۆزلەپ.

بىرسى سەۋدا بولماي تۇرۇپ، شائىر بولمايدۇ. شۇنىڭغا كۆرە، شائىرغا بولغان ھەرقانداق (شېئىرىي) ئىش شائىرنىڭ شائىرلىق تەقدىرىنىڭ سىرتىدا ئەمەس دېيەلەيمىز. ئەگەر ئۇ بىر تۈز سىزىقتا ماڭغان، دەرىزىدىن قولىنى سىرتقا چىقارمىغان بولسا، ئۇ شائىر (مۇشۇ چاغدىكى ئۇ)مۇ بولمايتتى. ئاشۇ چاغدىن بېرى بارماقلار قاناپ كېلىۋاتىدۇ، ئاق تېرەكلەر شۇ كەبى ۋەسسىيەتلەرنى قالدۇرۇۋاتىدۇ. مانا بۇ تەڭرىنىڭ باشتىن- ئاخىرى بولۇۋاتقان بىردىنبىر «كارى».

شۇڭلاشقا،
شائىرنى يولنىڭ قىرىدىن چىقارغىنى، دەرىزىسىگە ھۇۋقۇشنى قوندۇرغىنى ۋە سىلاتقىنى تەڭرى.شائىرنىڭ «غاپىللىقى» ۋە «ئازغۇنلىقى» تەڭرىدىن. (ئەگەر شائىرنى ھەقىقەتەن ئازدى دېيىشكە توغرا كەلسە) شائىر ھەقىقەتكە ئازىدۇ. (5)

كۆرگەنمۇ سەن؟
ئاشۇ يەردە
قۇش باللىرىنىڭ كۆزلىرى روشەن...

تۇزاننىڭ ھەقىقىتى – تۇزۇشتۇر.
ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن توسۇق؟
ھەقىقەتنى «تۇزۇش» دەپ ئىشارە قىلغىنىمىزدا، ئەگەر ئۇنىڭ ھەم «تولۇش»، «تۇرۇش»، «يۈرۈش»، «بولۇش»... ئىكەنلىكى توسۇۋېلىنسا.

ئىشارە پەقەت قاراتقانلىقى ئۈچۈن ئىشارە، ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس قاراتقىنى مۇھىم. بىزنىڭ نەزىرىمىز ئىشارىدە توختاپ قالماي، قاراتقىنىغا ئاغدۇرۇلۇشى، ئىشارە قارىتىپ بولۇپلا ئۇنتۇلۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇ توسۇق بولىدۇ.

قۇش باللىرى – تۇخۇمنى يېرىپ چىققۇچىلار – بىرلا ۋاقىتتا، دېرىزىدىن قولىنى، سىزىقتىن پۇتىنى چىقارغۇچىلار –نىڭ كۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن روشەنكى:
قۇياش يورىغاندا – ھەقىقەتتە:
ئۇلار روھ كېمىلىرىنىڭ ئادىششىنىڭ شۇ ئارالغا (قاراپ مېڭىشى) ئىكەنلىكىنى كۆرگەن.

بىز «دۇنيا» دەپ ئاتاۋاتقان، بىز شۇنىڭدا بولغان بۇ «مەۋجۇداتلىق مەۋجۇدىيە\ مۇمكىنات» قەدىمكى تىلىمىزدا «ئازۇن»، يەنى «ئازىدىغان يەر» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى «ئېزىش» قانداقتۇر مەلۇم بىر خاتا يولغا مېڭىپ قېلىشقا ئەمەس، بەلكى ھەر تەرەپكە ئوچۇق، ھەر تەرەپكە مېڭىش مۇمكىنلىقىمىز ۋە ھامان ئادىشىش ئېھتىماللىقىمىز بولغان بۇندا بولۇشتىكى يۈزلىنىش مەھكۇملىقىغا قارىتىلىدۇ.

## توسۇقلارنىڭ بىرسى

بوزلان

تۇزان ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىشارە قىلدىم
ئىشارەم ھەقىقەتنىڭ توسىقىدۇر!
قۇياش يورۇغاندا
ھالسىزلانغان روھ كېمىلىرى ئاداشقان ئارالنى

نىتەي، مەشرەب، بۇ يولدا ماڭا ھېچكىم بولمادى رەھبەر،
ئاداشتىم، يول يىتۈردۈم، نە پەيامۇ نە خەبەر تاپتىم.

زاھىد ئېلىگە فاسىقۇ، گۇمراھۇ، ئاسىي، پۇر گۇناھ،
ھەقنىڭ قاشىدا مەرتەبەم ئۆممەتى مۇستەفا ئۆزۈم.

- مەشرەب

ئالدىراڭغۇلۇق بارلىق خاتالىقلارنىڭ بېشى،
ئېغىر – بېسىقلىق ياخشىلارنىڭ ئىشى.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى



# رەنا غوپۇر قەلىمىدىكى «باھارغا خەت» ناملىق ھېكايە ھەققىدە

ئابدۇراخمان سادىق (شۆبىتسىيە)

رەنا غوپۇر قەلىمىدىكى «باھارغا خەت» ناملىق ھېكايىنى زوق - شوخ بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇمىغىلى ئۇزۇن بولغان ماڭا نىسبەتەن بۇ ئەسەر باشقىچە ھوزۇر بېغىشلىدى.

ئەسەر باش پېرسوناژ زىبانىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنى مەركەز قىلىپ تەرەققىي قىلغان. ئەسەرنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ مول، تىلىنىڭ راۋان، پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە ۋەقەلىكلىرىنىڭ مەنتىقلىق ۋە زىددىيەتسىز بولۇشى قاتارلىقلارنى تەلەپكە لايىق پروزا ئەسەرلىرىدە تېپىلىدىغان ئەقەللىي ئالاھىدىلىك دەپ قارىغان تەقدىردە، مەن تۆۋەندە ئەسەردىكى ئۆزۈم ئالاھىدە دەپ قارىغان بىرقانچە نۇقتىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن:

1. ئەسەرنىڭ بايان ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. ئەسەر باشتىن-ئاخىر باش پېرسوناژ زىبانىڭ دوستى باھارغا يازغان خەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، زىبا جەمئىي 38 پارچە خەت بىلەن ئۆزىنىڭ بىرقانچە يىللىق ھاياتىنى بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىدۇ. بۇخىل بايان شەكلىنى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئاز ئۇچرايدۇ، دەپ قارايمەن.(شەخسەن مەن باشقا بىر ئەسەرنى بىلمەيمەن). ئەسەر بۇ خىل بايان شەكلى بىلەن ئوقۇغان كىشىگە 2019 -يىلى تۈركىيەدە سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە بىرىنچى بولغان «ھوزۇرسىزلىق» دېگەن روماننى ئەسلىتىدۇ.

2. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتى تېز. ئەسەردە ۋەقەلىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، سىزنى ھە دېگەندە بىر كىرىشۋالسا ئىچىدىن چىقالمايدىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان، بىر قىردىن ئاشالمايدىغان تەپسىلاتلاردىن ئازاد قىلىدۇ.

3. كۈلمىناتسىيە نۇقتىلىرى كۆپ. ئەسەر بىر ھېكايە بولۇشىغا قارىماي، باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بىرقانچە چوڭ كۈلمىناتسىيە نۇقتىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچرايدىغان كىچىك كۈلمىناتسىيەلەر سىزدىكى ھاياجاننى باشتىن-ئاخىر يۇقىرى گىرادۇستا ساقلايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن چىقىۋاتقان چوڭ-كىچىك كۈلمىناتسىيەلەر سىزنى بىر تەرەپتىن جىددىيلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگىچە يېشىملىرى سىزنى راھەتلەندۈرىدۇ.

4. ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى كۆپتۈرۈۋېتىلمىگەن. ئەسەردە مۇتلەق ئىجابىي ياكى مۇتلەق سەلبىي پېرسوناژ مەۋجۇت ئەمەس. ھەربىر پېرسوناژ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزىنى ھەقلىق ھېس قىلىدۇ ۋە ھېس قىلدۇرىدۇ. پەزىلەتلىكلەرنىڭ ئۆزىمۇ تۇيماي ئەخمەقلىق ياكى رەزىللىكلەردىن ئاز-پاز نېسىۋە ئېلىشى، پەزىلەتسىزلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئالدىدىكى ئەقلىي دەلىللىرى كۆپىنچە پروزا ئەسەرلىرىدە يارىتىلىدىغان، ئەمما رېئاللىقتىن يىراق بولغان پەرىشتە ياكى ئىبلىس سۈپەت پېرسوناژلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

5. ئەسەردىكى ۋەقەلىك ۋە ئوبرازلارنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك. ئاپتور ئەسەردە رېئاللىقتا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا زورۇقماستىن ، بەلكى ئوقۇرمەننى ئۆزى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆتكۈزۈۋاتقان رېئېل ھاياتنىڭ دەل ئۆزىگە باشلاپ كىرىدىغان بولۇپ، ئەسەردىكى ئوبرازلارمۇ بىزگە بىر قارىسا ئۆزىمىزنى، يەنە بىر قارىسا بىز بىللە ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان، بىزگە تونۇش ئائىلىكىملەرنى ئەسلىتىدۇ. ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر، تۇيغۇ، پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتلىرى رېئال ھاياتقا شۇ قەدەر يېقىنكى، سىزنى شۇ ئەسەر ئىچىدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئورنىدا ۋەقەلىككە قاتناشتۇرىدۇ. ئەمما ۋەقەلىكلەرنىڭ شۇنچە تونۇش ۋە ئاددىي بولۇشىغا قارىماي، سىزنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىچىگە ئەكىرىپ كەتكىنىنىڭ ئۆزى ئەسەردىكى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت.

6. ئەسەر ئارتۇقچە تەسۋىرلەردىن خالىي. ئۇيغۇر پىروزا ئەسەرلىرىدە يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدىغان، ئەسەرنىڭ ھەجمىنى ئاشۇرۇش، ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈش ۋە چارچىتىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان زۆرۈرىيەتسىز مەنزىرە، پورترېت ۋە ئىچكى ھېسسىيات تەسۋىرلىرىنى بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەسەر بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن «قارىسا بىر غۇلاچ، يىغسا بىر غېرىچ» كېلىدىغان پاخپاق ئەسەرلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئەسەرگە تەكلىپلەر:**

1. خەت خاراكتېرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ۋە رېئال تۇيغۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرپارچە خەتكە زىبا تىلدا باھارغا خاس كىرىش ۋە ئاخىرلىشىش قىسمى، شۇنداقلا چىپسلا قوشۇلسا.
2. ئارىلاپ چېلىقىدىغان ئىملا خاتالىقلىرى تۈزىتىلسە.

2020 - يىلى 19 - ئاۋغۇست

ستوكھولم

# 2 ـ قېتىملىق «مەن — ناتىق» ئۇيغۇر غۇنچىلىرى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى توردا ئۆتكۈزۈلدى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر بالىلىرىغا ئانا تىلىنى ئىشلىتىدىغان بىر سەھنە يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تۈركىيەدىكى «ئايخان مائارىپى» 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىستانبۇلدا «مەن ـ ناتىق» دېگەن تېمىدا بالىلار نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ مۇسابىقىنى ھەر يىلى داۋاملاشتۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى بۇ يىللىق ئالاھىدە شارائىتتا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئانا تىل تور مەكتىپى» توردا ئۇيۇشتۇردى.

مۇسابىقىگە ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى، دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندى، «ئوقۇ ئۇيغۇر - بىلىگ يۇرتى» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھەببۇللا كۆسەنى، دوكتور مەمتىمىن ئەلا قاتارلىقلار تەبرىك سۆزى ئەۋەتىپ، بۇ خىل مۇسابىقىلەرنىڭ مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى.

مۇسابىقىگە تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىدىن 25 ماھىر قاتناشقان. ماھىرلار يېشىغا ئاساسەن «7 - 8 ياشلىقلار»، «9 - 10ياشلىقلار» ۋە «10 - 14 ياشلىقلار» دېگەن ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. ماھىرلارنىڭ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان ئەسىرى چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولۇشى شەرت قىلىنغان. بالىلار ئەسەرلىرىنى يادا ئوقۇپ سىنىغا ئېلىپ، «ئۇيغۇر ئانا تىل تور مەكتىپى»نىڭ «مەن ـ ناتىق» ئۇيغۇر بالىلار نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتكەن. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى «ۋەتەن»، «سېغىنىش» ۋە «ئانا تىل» قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدىگەن.

ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئادىلجان ئەرئۇيغۇر، ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش كاتىپى زۇلھايات ئۆتكۈر، غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى مەھمۇدجان ياسىن قاتارلىقلار باھالىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. باھالىغۇچىلار ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ماھىرلارنىڭ ئىنتوناتسىيەسى، نۇتۇق سۆزلىگەن ۋاقىتتىكى بەدەن تىلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىق ئامىللار بويىچە ئەستايىدىل باھالاپ چىققان.

«7 - 8 ياشلىقلار» گۇرۇپپىسىدىن ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سەككىز ياشلىق تەفدە غوپۇر، «9 - 10 ياشلىقلار» گۇرۇپپىسىدىن ئۈچ ياش ۋاقتىدا يۇرتىدىن ئايرىلغان، ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان توققۇز ياشلىق بىلال ئابدۇلۋاھاب، «11 - 14 ياشلىقلار» گۇرۇپپىسىدىن ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان 13 ياشلىق نازاكەت مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن.

مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلاردىن سىرت، يەنە «ئەڭ جانلىق ناتىق»، «ئەڭ جەسۇر ناتىق»، «ئەڭ تەمكىن ناتىق» تۈرلىرى بويىچىمۇ مۇكاپاتلانغان. نەتىجىگە ئېرىشكەن ماھىرلارغا مۇكاپات بويۇمى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «12 مۇقام تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك قىممەتلىك كىتابلار ۋە بالىلارغا خاس ئوقۇشلۇق كىتابلىرى ئەۋەتىلىدىكەن.

«ئۇيغۇرلۇقىمىزدا بالىلىرىمىزنىڭمۇ ھەققى بار!» دېگەن شوئار بىلەن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئانا تىل تور مەكتىپى» تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ مۇسابىقە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا كەلگۈسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك بىر ئۈمىد بېغىشلىدى.

خەندان (تۈركىيە)



# ئاۋستىرالىيەدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتى- «مىراس» داۋاملىشىۋاتىدۇ

«ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ «سىدنېي خانىم - قىزلار» گۇرۇپپىسى نامىدىن تەشكىللەنگەن، شۇنداقلا فېيرفىيلد شەھەر مۇزېيى ۋە كۆرگەزمە (Fairfield city museum & Gallery) ئىدارىسىنىڭ يېقىندىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن، بەش ئايلىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق تەييارلانغان « مىراس» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە كۆرگەزمە پائالىيىتى 2020 - يىلى 17 - ئۆكتەبىردە رەسمىي ئېچىلىش مۇراسىمى قىلىنىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

مەزكۇر پائالىيەت كۆرگەزمە ئىدارىسىنىڭ رەسمىي تور بېتىدە ئالاھىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە بىر نەچچە قېتىم تەكرار ئېلان قىلىنىدى. «سىدنېي خانىم - قىزلار» گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسى بولغان مىللىتىمىزنىڭ دىنىنى، تىلىنى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرىنى، مىللىي سەنئەت ۋە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنى ئاۋستىرالىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، ئىدارە ئورگانلارغا تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ پائالىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىرىدىن بىرى، مەدەنىيىتىمىزنى پەقەتلا باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتى توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ساۋاتقا ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

«مىراس» دەپ ئىسىم قويۇلغان، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى، ئۆرپ ئادىتىنى ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىدە ھازىرلانغان ھەر بىر رەسىم ۋە سىنىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سوققان گۈزەل يۈرەكلەرنىڭ ئەجرى ۋە ئەمگىكى سىڭگەن. مەزكۇر پائالىيەت 2020 - يىلى 17 - ئۆكتەبىردىن 2021 -يىلى 17 - فېۋرالغىچە جەمئىي تۆت ئاي داۋاملاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپ قىسىم دۆلەت خادىملىرى، ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، شۇنداقلا ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىدى.

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى «سىدنېي خانىم - قىزلار» گۇرۇپپىسى

# پائالىيەتتىن كۆرۈنۈشلەر


















FC MG

**Fairfield City Museum & Gallery**

@FairfieldCityMuseumGallery · Community Museum

Sign Up

confirmsubscription

Home About Events Reviews More

Like Message

Fairfield City Museum & Gallery
October 14, 2020 ·

Install is underway for MIRAS: Celebrating Uyghur Culture.
We are thrilled to have worked with the local Uyghur community over the past year to curate a celebration of their ancient and vibrant culture.

MIRAS is the sharing of Uyghur cultural heritage and knowledge through carefully curated objects, documented practices and customs that includes music, dance, food, costume and poetry.

MIRAS opens this Saturday, 17 October 2020 - we hope to see you there.
Our opening hours on Saturday are 10am to 2pm.






# شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قازاقىستاندا نەشر قىلىندى

يېقىندا، ئالمۇتا شەھىرىدىكى قۇددۇس غوجامىياروۋ نامىدىكى دۆلەت ئاكادېمىيەلىك ئۇيغۇر مۇزىكىلىق-كومېدىيە تىياتىرىدا، ئاتاقلىق شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ كىرلچە نۇسخىسىنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان، ئەمما ئىزچىل ئىجادىيەتتىن قول ئۈزمىگەن ئەدىبنىڭ «يەلكەن»، «چۈش كۆرىدۇ بىر توپ ئانارگۈل»، «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» ۋە باشقا شېئىرىي توپلاملىرىمۇ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان. شائىرنىڭ زاماندashلىرى شائىرنىڭ شېئىري تىلىنىڭ راۋانلىقى، ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى.

ئەپسۇس، ۋەتەن كۆيچىسى بوغدا ئابدۇللا ئارىمىزدا بۇ يېغىنغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، شائىرنىڭ بىللە ئۆسكەن، مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان قەدىناس دوستى رەسسام كامىل موللاشېۋ، دوستىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى قايتىدىن نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتىش ئارقىلىق ئۇنى بۈگۈنكى پائالىيەتكە كىتابى ئارقىلىق قاتناشتۇردى. كامىل موللاشېۋ ئەسلى تاتار بولۇپ ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۇ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن نەمۇنىلىك ئەربابلىرىدىن بىرى بولۇپ، تاتارىستاننىڭ خەلق رەسسامى، فرانسىيە رەسساملار ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئورگانلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان، شۇنداقلا ئاباي ۋە ئابدۇللا توقاي ناملىق شەرەپ ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ رۇسىيە ۋە خىتاي رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئەزاسى، «پاراسەت» ۋە «دوستلۇق» ئوردېنلىرىنىڭ ساھىبى.

–مەن دوستۇم ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلىشنى خالىدىم. ئۇ – شائىر، مەن – رەسسام. ھەر ئىككىمىز گۈزەللىك شەيداسى. دېمەك، نىيىتىمىزمۇ بىر. بۇ – ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت. گەرچە ئارىمىز يىراق بولسىمۇ، بىز ھەرقاچان بىر-بىرىمىزگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ياشىدۇق. مېنىڭ بۇ نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغان كەسىپداش ئىنىم كۆرەش زۇلپىقار، دوستۇم ئابلىز غوپۇر ۋە «مىر» نەشرىياتىغا مىننەتدارلىقىم چەكسىز، – دەيدۇ كامىل موللاشېۋ.

كېچىلىككە رىياسەتچىلىك قىلغان تىياتىرىمىز ئارتىسى گۈلباھار ناسىروۋا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەسىرلىك ئوقۇسا، «ناۋا» ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچى، سازەندىلىرى ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىشتى. مۇراسىمدا تونۇلغان شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق، ژۇرنالىست نائىلەم ھەمرايېۋا ۋە باشقىلار ئەسەر قىممىتىگە ئالاھىدە باھا بېرىشتى ۋە ئۇنى خەلقىمىزگە سۇنغان ئاتاقلىق رەسسام كامىل موللاشېۋقا تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى.

خۇرشىدەم ئىزىمووۋا (قازاقىستان)

# دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى شۆبىتسىيەدە رەسمىي تىزىمغا ئېلىندى

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە قاراتقان يوقۇتۇش خاراكتېرلىك قاتتىق قول سىياسىتىنى كۈچەيتكەندىن بۇيان بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىز تۈرمىلەرگە تاشلاندى، لاگېرلارغا سولاندى، ئىجادىيەت ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىندى ئەسەرلىرى چەكلەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىنى زۇلمەت قاپلىدى. قار، بورانلىق بۇ جۇدۇندىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن بىر قىسىم يازغۇچى شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ باشقا دۆلەتلەردە سەرسان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يات تۇپراقلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش، ئۆز تۇپرىقىدا چەكلەشكە ئۇچۇرىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا دۆلەتلەردە تونۇشتۇرۇلىشىغا يول ئېچىش ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەشكىللىشى ۋە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئەدەبىيات سۆيەر قېرىنداشلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن 2018 -يىلى 4 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئىستانبۇلدا چاقىرىشقا مۇئەپپەقەت بولدى. يىغىنىنىڭ بىرىنچى كۈنىدە «تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» نامىدا شېئىرىيەت يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. ئىككىنچى كۈنى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ چىقىلدى ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدىكى سايلام بىلەن دائىمىي ھەيئەتلەر سايلاپ چىقىلدى.

ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسەر كىتاب چىقىرىشنى كۈتۈۋاتقان ئاپتورلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى2019 -يىلى، پاتىمە سەيياھنىڭ «ناتونۇش شەھەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2018 -يىلى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى ۋە «سەرسان تۇيغۇلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2018 -يىلى ئۆمەر ئىمىننىڭ «پانىي دۇنيادىكى دوزاخ» ناملىق لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان كىتابى 2020 - يىلى نەشر قىلىندى. ئابىدە نەسرىنىنىڭ «تۇرنا» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى نەشرگە تەييارلاپ 2002 - يىلى نەشر قىلدۇردى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش شۇكى، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىۋاستە تەشكىللىشى ۋە نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «تىلسىز قۇشلار» ناملىق چەتئەلدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كوللېكتىپ شېئىر توپلىمى 2020 -يىلى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتتىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۈركچە شېئىر توپلىمى ئۇيۇشما تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ شۋېتسىيە شۆبىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتېرنېت ژۇرنىلىنىڭ 33 سانىنى ئۇيغۇرلارغا بېغىشلىدى ۋە ئۇيۇشمىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ شۋېتسىيە شۆبىسى تۈرمىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ھەققىدە بىر دوكلات تەييارلاپ 2020 - يىلى 12 -ئاينىڭ 10 -كۈنى ئېلان قىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ۋە 2020 -يىلى 10 -ئايدا شۋېتسىيەدە رەسمىي تىزىمغا ئېلىنغان ياش بىر ئۇيۇشما بولسىمۇ، ئۆزىدىكى بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەتئەللەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا تىرىشىپ كەلمەكتە. ئىشىنىمىزكى، ئالدىمىزدىكى يىللاردا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

**دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى**




# ئۇيغۇر كىتاب تورى ۋە ماقالىلەر ئامبىرى 21 مىڭ 500 پارچە ماتېرىيال بىلەن ئوقۇرمەن ۋە تەتقىقاتچىلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا

بۇ ئامباردا 1000 پارچە چاغاتايچە، ئۇيغۇرچە قولىيازما ۋە قەدىمىي ئەسەر، 1500 پارچىدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال، 4000 پارچىغا يېقىن ئۇيغۇرچە كىتاب، 15 مىڭ پارچە ئۇيغۇرچە ماقالە مەۋجۇت. ماقالە ئامبىرىدىكى ماقالىلەر 100 خىلغا يېقىن ژۇرنال، بىر قىسىم ماقالە توپلاملىرى، مەجمۇئەلەر ۋە تور بەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان بولۇپ، ماقالىلەر داۋاملىق قوشۇلىدۇ.









# ئۇيغۇر مىللىتى*

«ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى كانىدەك يېپىشىپ جاھىلانە بىر ئىشتىياق بىلەن تۈگەتتىم. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئاخبارات، تەتقىقات ۋە تۇرمۇشقا بەند بولۇپ ئالدىراش ئىشلەۋاتقان 2018 -يىلىنىڭ ئاخىرى ھاياتىمنىڭ قاتىللاق چاغلىرىدا قولدىن چىقاردىم. چۈنكى كىتابتا ئۇيغۇرلار بىلمىسە بولمايدىغان، بولۇپمۇ مۇشۇ پاجىئەلىك كۈنلەردە بىلىشى كېرەك بولغان تارىخ، قىسمەتىمىزگە سەۋەب بولغان دۇنياۋى مۇھىت ھەققىدە تەھلىللەر، ئىبرەتلىك، پاجىئەلىك ھادىسىلەردىن چىقىرىلغان قىممەتلىك پىكىرلەر، مۇلاھىزىلەر بار ئىدى.

كىتاب رۇس، خىتاي، ئىنگلىز، ئۇيغۇر ۋە تۈرك تىللىرىدىكى مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇچۇر مەنبەسى ھەقىقەتەن مول ئىدى. بولۇپمۇ رۇس تىلىدا يېزىلغان ئاتالغۇ ۋە سۆزلەرنى ئۆرۈش مەنىدەك رۇسچە بىلمەيدىغان ئادەمگە قىيىن ئىدى. كىتاب ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىنى خىتاي، ئوسمان ۋە رۇس ئىمپېرىيەلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى ئىچىگە قويۇپ بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇرەككەپ مۇھاكىمە ۋە تەھلىللەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. شۇڭا ھەر قانچە كۆچىسەممۇ ئىنگلىزچە مەنە بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمەم بويىلىشالماي، ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرچە گېپى ئۆزۈمگە يارىماي قالاتتى.

تەرجىمە «مەندەك دوراشقا ئۆچ، ئەينەن تەكرارلايدىغان گەپلەردىن ئاسانلا زېرىكىپ قالىدىغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ئىكەن» دەپ ۋاز كەچكىدەك بولدۇم. ئاخىرىدا بىر چارە تاپتىم. ئىنگلىزچە كىتابنى ئۇيغۇرچىلاپ ئايالىم ۋە ئىنى ئاغىنەم قۇربانجانغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن دەرھال بىر مەمنۇنلۇق، ھەيرانلىق ۋە ياكى ئېچىنغانلىق ئەكس ئەتسە تەرجىمەمگە جەزم قىلدىم، ئۇلار ئاڭقىرالمىسا راۋان بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۈزەتتىم. نەتىجىدە بىر مەزگىلدىن كېيىن كىتابتىكى ياغاچتەك ھاكاۋۇر يات ئىنگلىزچە سۆزلەر پىلىك تەك يۇمشاپ ئانا تىلىمغا باش ئەگدى.

مەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تارىخىدا بەرھەق دەپ قوبۇل قىلىنغان بەزى قاراشلارنى تارىخى ئىسپاتلار بىلەن رەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم. مەسىلەن، كىتابتا ئىسپاتلىنىشىچە «ئۇيغۇرلۇق» كىملىكى قانداقتۇر بىرەر رۇس تىلشۇناس ياكى سىياسەتچىلىرىنىڭ شاپائىتىدە ياساپ چىقىلغان ئەمەس، بەلكى زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن ئۇيغۇر كوممۇنىستلار ۋە جەدىتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەريانىدا تىرىلدۈرگەن.

مەن بۇ كىتابتىن ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ تارىختا ھەر خىل ئىسىملارنىڭ قېتىغا مۆكۈنۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇيغۇر كىملىكى تارىمدىكى بوستانلىقلار ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئىككى قانىتىدا

* بۇ ماقالە مەزكۇر كىتابنىڭ «تەرجىماندىن» نامىلىق بۆلىكىدىن ئېلىندى (ت)

ئىزچىل كۈچلۈك مەۋجۇت بولۇپ بولۇپ تۇرغان بولۇپ ھېچ قاچان پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتكەن ئەمەس، پەقەت «يەرلىك، مۇسۇلمان، ئالتە شەھەرلىك، تارانچى» دېگەن ناملارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىكەن.

2013 - يىلى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆلۈم يوسۇنلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تۈرك دوكتور مەندىن «باشقا تۈركىي مىللەتلەردە ئۆلۈمدە قارا كىيىدۇ، نېمىشقا ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر ئاق باغلايدۇ، ئاياللار ئاق رومال سالىدۇ؟» دەپ سورىغاندا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدىم. بۇ كىتابنى ئوقۇپ جاۋابىنى تاپتىم.

مەن ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا ۋاھابىيلىقنى 90 -يىللاردا كىرگەن دەپ قارايتتىم، كىتابتىن بۇ قاراشلارنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم. شامى داموللام شۇ يۈز يىل بۇرۇن ئارىمىزدا بۇ مايسىنى كۆچۈرۈپ قەشقەردە ئۆستۈرۈشكە كىرىشكەن ئىكەن. كىشىلىرىمىزنىڭ 90 -يىللاردا ئەرەبىستاندىن كەلگەن، كېيىنچە پاكىستاندىن ئېقىپ كېلىپ يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان، 2000 -يىللاردا تۈركىيەدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى «ماشائاللاھ، ئىنشائاللاھ» دېگەن مۇبارەك سۆزلەرگە ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ يېڭىلىق ئەمەس ئىكەن. 1900 -يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەرەبىستاندىن ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم ئاتالمىش «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دېيىلگەنلەرنىڭ بىزنىڭ ياركەنت، كۇچالاردا ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. بۇنى ئوقۇپ تارىختىن ئىبرەت ئالمىغان كىشىلەرنىڭ تارىخى خاتالىقلارنى قايتا قايتا سادىر قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم.

كىتابتىن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بىرلىشىپ غەربكە تاقابىل تۇرۇش پىلانىدىن تاكى چىڭ ئىمپېرىيەسى پۈتۈنلەي خارابلاشقۇچە قانداق ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ئۆگەندىم. سۆيۈملۈك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەكسىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن ئالتۇن كۆمۈش يوللاپ، ئۇرۇشلاردا جانلىرىنى پىدا قىلىپ ئالدىنىقى سەپكە قانداق ئاتلانغانلىقىنى ئوقۇدۇم.

كىتابتا بۈگۈنكى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىن پەرقلىق ھالدا خەلقىمىزنىڭ يۈز يىل بۇرۇنقى ئوي خىيالىنىڭ ئۇچۇرلىرى بار ئىكەن. بۇندىن يۈز يىل بۇرۇنغا قايتساق خەلقىمىزنىڭ «مۇسۇلمان» دېگىنى «ئۇيغۇر» دېگىنى، «ياخشى ئادەم» دېگىنى ئىكەن. «كۇپپار» دېگىنى «خىتاي» دېگىنى، «قاباھەتچى مەلئۇن» دېگىنى ئىكەن. ئۇلارنىڭ «قەشقەرلىك» دېگىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدىكەن. «تارانچى» دېگەنلىك ۋەتىنىنىڭ شىمالىدا بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان، ھەمدە شۇ دىياردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدىكەن.

كىتابنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇر نەيشىن» بولۇپ بۇ يەردىكى «نەيشىن» ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىللەت» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدا «مىللەت» دېگەن بۇ سۆز ھەم دۆلەت ھەمدە شۇ دۆلەتكە پۇقرا بولغان بارلىق خەلق دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى «مىللىي» بولۇپ «دۆلەت تەۋەلىكى»، «دۆلەتلىك خەلق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن 1944 -يىلى قۇرۇلغان قۇرۇلغان دۆلەت ئارمىيەمىز «مىللىي ئارمىيە» دېيىلگەن ئىدى. دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىمى «مىللىي دارامەت» دېيىلگەن. ئۇ چاغدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى «مىللىي مەنپەئەت» دېيىلەتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇيغۇرچە مىللەت سۆزىنىڭ «دۆلەت تەۋەلىكى» دېگەن مەنىسىمۇ، «دۆلەتلىك» دېگەن مەنىسىمۇ يوق. ھالبۇكى بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان «مىللەت» سۆزىنىڭ «دۆلەتنى» كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر دۆلىتى» دېيىشكىمۇ، «ئۇيغۇر مىللىتى» دېيىشكىمۇ، ۋەياكى تۈركچە بويىچە ئاتىساق «ئۇيغۇر ئۇلۇسى» دېيىشكىمۇ بولار ئىدى. ئەمما كۆنگەن ئاتالغۇ بولغان «مىللەت» دېگەن سۆز بويىچە ئاتاشنى قارار قىلدۇق.

كىتابتا ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى تارىختا قانداق ئاتالغان بولسا شۇنداق يازغان. 1882 -يىلدىن كېيىنكى مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغاندا ئاپتور شەرقىي تۈركىستانغا «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپتۇ. بىز بۇ سۆزنى دەسلەپتە پۈتۈنلەي «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئېلىشنىمۇ ئويلاشقان، ھەم تەرجىمە شۇنداق قىلغان. كىتابنى قايتا تەھرىرلىگەن م. ئىبراھىم بىلەن كېڭەششەك، خاتالىق كۆپ چىقىدىكەن. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەي» دېيىلگەن جۈملىدە «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان» دېسەك ئوقۇرمەنلەرگە خاتا بىر مەنە بېرىپ قويىدىكەن. جۈملىلەرنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، كىتابتىكى «شىنجاڭ» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتىش كىتابتىكى مەنىنى قالايمىقان قىلىپ، تارىخنى بۇرمىلاشقا ئېلىپ بارىدىكەن.

كىتابنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن بىلگەنلىرىم ھەقىقەتەن كۆپ، بايقىغان ئىبرەتلەرنىمۇ يازسام ئۇزۇن بىر ماقالە چىقىقۇدەك ئۇزۇن، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مەن ئېرىشكەن بىلىشنىڭ ھوزۇرى، تەپەككۇر قىلىشنىڭ شادلىقىغا ئۆز مەيلىچە، مۇستەقىل ئېرىشسۇن دەپ گېپىمنى مۇشۇ يەردە چېكىتلەي.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنى تەرجىمىگە تەۋسىيە قىلغان ۋە نەشرىدىن چىقىشقا مەدەتكار بولغان ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىزغا، ئۇيغۇر پروجەكت فوندىغا، شۇنداقلا كىتابنى ئىنگلىزچە نۇسخا بىلەن قۇرمۇ-قۇر سېلىشتۇرۇپ چىققان دوستۇم م. ئىبراھىم ئەپەندىگە چىن يۈرەكتىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ تەھرىرلىكى بولمىغان بولسا كىتابتىكى سەۋەنلىكلەر تۈزەشسىز قالغان، مۇگدەك باسقاندا يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئوك-تەتۈرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە)




# دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى

2020 –يىلى دېكابىردا، نورۋېگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر شائىرى مۇتەللىپ سەيدۇللانىڭ «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تۈركىيەنىڭ «مەڭگۈ نەشرىياتى» تەرىپىدىن تۈركچە نەشر قىلىندى. «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2019 -يىلى ئىستانبۇلدىكى «تەكلىماكان نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاب دوكتور نۇرئەخمەت قۇربانىنىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشى بىلەن بۇ قېتىم تۈركىيە ئوقۇرمەنلىرىگە سۇنۇلدى.

شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان قەلەمكەشلەرنىڭ بىرىدۇر. 2020 –يىلى يازدا ئۇنىڭ «ئىككى كۆز، ئىككى يۈز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە قوش تىللىق قىلىنىپ «داھىي نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى.

تۈركىيەنىڭ «مەڭگۈ نەشرىياتى» 2007 -يىلىدىن ئېتىبارەن خەلقئارا نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان نەشرىياتلارنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر نەشرىياتتىن چىققان كىتابلارنىڭ تارقىلىشى يالغۇز تۈركىيە بىلەنلا چەكلەنمەستىن 20دىن ئارتۇق تۈركىي مىللەتلىرىنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەردىمۇ تارقىتىلىدۇ. ئىگەللىنىشىچە مەڭگۈ نەشرىياتىدىن چىققان كىتابلار تۈركىيەنىڭ مۇھىم كۈتۈپخانىلىرىغا ئەۋەتىلگەندىن باشقا، تۈركىي مىللەتلەرنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە شەرقىي ياۋروپا شۇنداقلا بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ كۈتۈپخانىلىرىغىمۇ ئەۋەتىلىدىكەن.

مەڭگۈ نەشرىياتى تۈركىيەدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلغان نەشرىيات بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى كۈچلۈك، يات مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە ئاڭلىق قارشىلىق كۆرسەتكەن ياكى مۇشۇنداق مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ۋە يازغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن.

ھازىرغىچە بۇ نەشرىيات سوۋېت دەۋرىدە مەقسەتلىك تىلغا ئېلىنمىغان ياكى سەل قارالغان ئەدىبلەردىن ئۆزبېك شائىرى چولپاننىڭ شېئىرلار توپلىمىنى، قازاقلارنىڭ سوۋېت مۇستەملىكىسىگە قارشى پائالىيەتچىلىرىدىن مۇستافا چوقاي، داڭلىق تاتار يازغۇچى جەنگىز داغجى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە بىر قىسىم چاغداش تۈركىي تىللىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدى. ئۇلارنىڭ يالغۇز چىڭغىز ئايتماتوۋنى تونۇشتۇرغان ئەسەرلىرىلا 4 - 5 كىتابتىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرىنىڭ «ئىدىقۇت»، زىيا سەمەدىينىڭ «ئىپارخان» ناملىق كىتابلىرىمۇ مۇشۇ نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللامۇ «دېڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن مەڭگۈ نەشرىياتىنىڭ تۈركىي تىللىق يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە شائىر مۇتەللىپ سەيدۇللا ئۈچۈنمۇ تەبرىكلىگۈدەك خۇشاللىنارلىق ئىش ئەلۋەتتە.

بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇر يازغۇچى-شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈركچە نەشر قىلىنىشىغا تىلەكداشمىز. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۈركىيە ئوقۇرمەنلىرى ۋە قېرىنداش تۈركىي تىللىق مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە تونۇلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ھەسەنجان ئابدۇۋايىت







# هايات تۈشلىرى

پېشقەدەم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئۇزۇن يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەرھۇم پىروفېسسور ئابدۇلكەرىم رەھمان 2016 – يىلى 4 – ئايدا تۈركىيەگە كەلگەندە يېڭىدىن يېزىپ تاماملىغان، ئەمما تېخى ۋەتەن ئىچىدە نەشر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر كىتابى بارلىقىنى ۋە مەزكۇر كىتابنى مەندە ئامانەت قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ ساقلايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كىتابنىڭ كومپيۇتېر نۇسخىسىنى ماڭا بەرگەندىن كېيىن، مەن:

–«بۇ كىتابنى ۋەتەندە نەشر قىلىش پەقەت مۇمكىن بولمىغاندا بىز نەشر قىلامدۇق» دەپ سورىدىم.

–مەرھۇم: «شۇنداق بولسۇن» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

سىزلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان مەزكۇر كىتاب مەن تۆت يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان مەرھۇمنىڭ تەۋەررۈك ئامانىتى– «هايات تۈشلىرى»، مۇئەللىپىنىڭ ئاز كەم بىر ئەسىرلىك هايات مۇساپىسىنىڭ بايانىدۇر. مەزكۇر كىتاب ۋەتەن ئىچىدە نەشر قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىلغان بولغاچقا، ئەزىز كىتابخانلارنىڭ كىتابقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

كىتابتا هازىرقى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەرگە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بالايىئاپەتلىك 1960– 1970 – يىللاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن – گەرچە بۇگۈنكى پاجىئەدىن باشقىچە بولسىمۇ، ئېغىر كۈنلەرنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ هايات مۇساپىسى ئارقىلىق بىزگە كوممۇنىزم زۇلمى ئاستىدىكى 65 يىللىق تارىخنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. كىتابنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارىخىمىزدىن خەۋەردار بولىمىز. كىتابنى قانداق چۈشىنىش، قانداق مۇھاكىمە قىلىش، قانداق تەھلىل قىلىش ۋە قانداق باھا بېرىشنى كىتابخانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە هاۋالە قىلىمىز.

2020 – يىلى 8 – ئاينىڭ 18 – كۈنى مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، كىتابنى دەرھال نەشر قىلىشنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ، ئىملاسىنى تۈزەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن ئەينەن نەشر قىلىپ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغانىدۇق.

2020 – يىلى 10– سېنتەبىر، سەلىم پاشا - ئىستانبۇل

ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە)




مۇقام يۇرتىدا مۇقام




مىسكەرچى




بوغدا كۆلى




ئالتاي تېغى